2022 فېۋرال
ئومۇمىي 30-سان



# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

ئۇيغۇر ئەمالار يېزىقى
81



ئېرقىي قىرغىن ئولىمپىكى
31



ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش
1



2022 فېۋرال

ئومۇمىي 30-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمدە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.



باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئۆتكۈر ئالماس

چىقارغۇچى ئورۇن :

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ئولىمپىك مۇسابىقىسى مەسىلىسىدە بىز ھەممىمىز جىنايەتچىمۇ؟

ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئىنكار قىلدىغان چوڭ شايكا 38

خىتاي تالىبان بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشىۋاتىدۇ؟ 64

## خىتاي تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

## كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇر ئەمالار يىزىقى

## تارىخ ۋە بىز

ياقۇپ بەگنىڭ ئەنگلىيە بىلەن ئورناتقان مۇناسىۋىتى 90

ستالىن، مولوتوف ۋە ۋوروشىلوفنىڭ شىڭ شىسەيگە يازغان خېتى 77

**مۇقاۋىدا:**
**ئۇيغۇرنىڭ چوشى**













## خەلقئارا ۋەزىيەت

مۇسۇلمان ئەللىرى ھېلىھەم ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ كويىدا ئەمەس 44

بايدىننىڭ تۇنجى يىللىق ئاسىيا سىياسىتىگە نەزەر 23

2022-يىلدىكى خىتاينىڭ تەسىر كۈچى ۋە شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكى 50

## ساغلاملىق

باللار ساغلاملىقى توغرىسىدا زۆرۈر ساۋاتلار 54

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

يامانلىقا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭ 101

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

يىغىۋېلىش لاگېرىدا غايىپ بولغان قىزىل كىيىملىك قىزچاق

خىتاي جاسۇسلىرى ۋە خائىنلار 69

**كەينى مۇقاۋىدا:**
**تەنھالىق**

خىتاي تەتقىقاتى

# ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

شان روبېرتس






## تۆتىنچى باب: 2002 ـ يىلىدىن 2012 ـ يىلىغىچە: مۇستەملىكىچىلىك بىلەن «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» بىرلەشكەندە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

دەرۋەقە، 2008 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەپتىدە، ئۇيغۇر دىيارىدا ئىككى قېتىم زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بەردى، ئەمما بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئولىمپىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئالدىن پىلانلانغان بولۇشىدىن بەكرەك، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان قاتتىق كونتروللۇققا قايتۇرۇلغان ئىنكاس بولۇش ئېھتىمالى تېخىمۇ يېقىن ئىدى. بىرىنچى ۋەقە 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئولىمپىكنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا بىر قانچە كۈن قالغاندا قەشقەردە يۈز بەردى. رەسمىي خەۋەرلەرگە كۆرە، ئىككى ئۇيغۇر بىر يۈك ماشىنىسىنى ئوغرىلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەتىگەنلىك چېنىقىشقا چىققان بىر توپ ئەسكەرلەرنى سوققان ھەمدە ئۇلارغا پارتىلاتقۇچ دورا ئېتىپ ۋە پىچاق تىقىپ، ئۇلارنىڭ 16 نەپىرىنى ئۆلتۈرگەن (46). ھالبۇكى، بۇ خەۋەرلەرنىڭ راستلىقى توغرىسىدا يەنىلا نۇرغۇن پەرەزلەر ئوتتۇرىغا چىققان. (شۇ يىلى) 9 ـ ئايدا، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» مېھمانخانىنىڭ دېرىزىسىدىن شۇ ۋاقىتتىكى ھۇجۇمنى كۆرگەن غەرىبلىك ساياھەتچىلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارەتتى توغرىسىدا، بىر پارچە ئۇزۇن ماقالە ئېلان قىلغانىدى (47). بۇ گۇۋاھچىلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، دەرۋەقە بىر يۈك ماشىنىسى ئەسكەرلەر توپىغا سوقۇلغان، ئەمما ھېچقانداق پارتىلاش ئاۋازى ئاڭلانمىغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ئەسكەرلەرگە پىچاق تىققان كىشىلەرنىڭ ئۇچىسىدىمۇ ھەربىي فورما بارلىقىنى ئېيتقان (48). 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قەشقەردە نېمە ئىش يۈز بەرگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ۋەقە ئولىمپىك توغرىسىدىكى ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى» تەشۋىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

ئىككىنچى ۋەقە 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، يەنى ئولىمپىك ئېچىلىش مۇراسىمىدىن ئىككى كۈن كېيىن كۇچا ناھىيەسىدە يۈز بەردى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتىغا كۆرە، بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئەتىگەندە بىر ياكى بىر قانچە تاكسىغا مەجبۇرىي چىقىپ، شۇ تاكسى (لار)دىن چارلاش ساقچىلىرى ئەترىتىگە، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ بىناسىغا، سانائەت ۋە سودا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىناسىغا ۋە باشقا بىر قانچە بىناغا پارتىلاتقۇچ دورا ئاتقان (49). ھۆكۈمەتنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئاتالمىش جىنايەتچىلەر خىتاي ساقچىلار بىلەن روبىرو كەلگەندە، ھۇجۇم قىلغان ئۇيغۇرلاردىن سەككىزى ئۆلتۈرۈلگەن، ئىككىسى تۇتۇلغان، ئىككىسى ئۆزىنى پارتىلىتىۋالغان، ئۈچى قېچىپ كەتكەن (50).

بۇ زوراۋانلىقنىڭ مۇددىئاسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار تولىمۇ ئاز ئىدى. شاڭخەي ۋە كۇنمىڭدىكى ئاپتوبۇس پارتلىتىشلىرىغا ئوخشىمايدىغىنى، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» بۇ ئېپتىدائىي ھۇجۇملار بىلەن ئالاقىسى بارلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق باياناتت ئېلان قىلمىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئولىمپىك ۋاقتىغا توغرىلانغان، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىستىكى توغرىسىدىكى سىياسىي مەۋقەسىنىڭ ئىپادىسى، ۋەياكى ئولىمپىك مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇشقا بولغان غەزەپنىڭ ئىپادىسى، ياكى تامامەن پەرقلىق باشقا ئىشلارغا بولغان ئىنكاس ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، 2002 ـ يىلى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» خەلقئارادا «تېررورلۇق تەشكىلاتى» دەپ ئېتىراپ قىلىنغاندىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ زوراۋان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى سادىر قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىڭ نىسبەتەن ئاز بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇلار (يەنى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئىككى ۋەقە) تولىمۇ مۇھىم ئىدى. بۇنىڭغا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئېلان قىلغان تەھدىت ۋىدېيولىرى قوشۇلۇپ، بۇ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ قاتتىق تەكشۈرۈشىگە سەۋەب بولدى.

مەزكۇر زوراۋانلىق ۋەقەسىدىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن «تېرورچىلار» بىلەن «ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش» قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى (51). خەۋەرلەرگە كۆرە، شۇنىڭدىن كېيىنكى چېكىدىن ئاشقان باستۇرۇشتا تەخمىنەن 200 مىڭ نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىمى ۋە قوراللىق ساقچى سەپەرۋەر قىلىنغان، شۇنداقلا قەشقەر ۋە كۇچادىكى زوراۋانلىققا چېتىشلىق دەپ گۇمان قىلىنغانلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە قوشنىلىرىنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا رەسمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەنىدى. ئىگىلىنىشىچە، كۇچادىكى مەلۇم بىر ئىمام ھەتتا مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. چۈنكى (ئاشۇ ۋەقەدىكى) ھۇجۇم قىلغۇچىلاردىن بىرى ئىلگىرى ئۇ ئىماملىق قىلغان مەسچىتكە (ناماز ئوقۇغىلى) بارغانىمىش (52). ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي مەلۇماتلىرىغا كۆرە، 2008 ـ يىلى 1300 گە يېقىن ئۇيغۇر «دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى» سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىگە «تېررورلۇق» جىنايىتى ئارتىلغان بولۇپ، بۇ سان ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى (53). شۈبھىسىزكى، بۇ تەدبىرلەر 2008 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شەكىللەندۈرگەن ئەزگۈچى مۇھىت 2009 ـ يىلى يازدا ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن جىددىيلىككە ھەسسە قوشقان.

بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ (2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى) ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىدىكى ئەڭ ئېغىر مىللىي زوراۋانلىق ۋەقەسى دېيىشكە بولىدىغان ۋەقەگە شاھىت بولدى. گەرچە بۇ ۋەقەنىڭ ئاتالمىش «تېررورلۇق تەھدىتى» ياكى ئالدىن پىلانلانغان زوراۋانلىق بىلەن مۇناسىۋىتى

**بولمىسمۇ، ئەمما بۇ ۋەقە ھەم خىتاي دۆلىتىنىڭ، ھەم خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قان ـ قېنىدىن «خەتەرلىك» خەلق ئىكەنلىكىگە بولغان ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. نەتىجىدە ئۇ ئۇيغۇر دىيارىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن، شۇنداقلا مەزكۇر رايوننى تېخىمۇ مۇقىمسىزلاشتۇرىدىغان باستۇرۇش مەزگىلىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.**

**بۇ ۋەقە 2009 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كەچتە باشلانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ياشلىرى باشچىلىقىدىكى تىنچ نامايىشتا خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋگۇەن شەھىرىدىكى بىر ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا ئىككى ئۇيغۇر ئىشچىسىنىڭ رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە قارىتا ئادالەت تەلەپ قىلىنغانىدى (54). بۇ قاتىللىق ۋەقەسىنىڭ (قىسقىچە) جەريانى مۇنداق ئىدى: ئۇيغۇر ئەر ئىشچىلارنىڭ بىر خىتاي ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئۆسەك سۆزلەر توردا تارقالغاندىن كېيىن، خىتاي ئىشچىلار ياتىقىدا ئۇخلاۋاتقان ئۇيغۇر ئىشچىلىرىغا ھۇجۇم قىلغان (ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن) (55). گۇاڭدۇڭدىكى بۇ ۋەقەمۇ ئېنىقلا خىتاينىڭ تەرەققىيات سىياستى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، چۈنكى زاۋۇتتىكى ئۇيغۇرلار بەلكىم 2000 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە باشلانغان، دۆلەت يېتەكچىلىك قىلغان، ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا ئاپىرىپ ئىشقا سالىدىغان خىزمەت پروگراممىلىرىنىڭ مەلۇم بىرىگە بىنائەن ئاشۇ زاۋۇتلاردا ئىشلەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.**

**شەرقىي تۈركىستانغا نىسبەتەن، نامايىش ناھايىتى زور ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ھادىسە ئىدى. شۇنداقلا، خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا ئوخشىمايدىغىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ خىل نارازىلىقنى ئىپادىلەش قىلمىشلىرى قاتتىق جازاغا ئۇچرايتتى. ھالبۇكى، بۇ نامايىشنىڭ ئۆزگىچە تەرەپلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنى تەشكىللىگەنلەر دەل خىتايغا سىڭىپ كىرىشنى تاللىغان ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ گۇاڭدۇڭدىكى ۋەقە ھەققىدە ئادالەتنى ياقلايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، نامايىشنىڭ دەسلەپكى ۋىدېيو لېنتىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، نامايىشچىلارنىڭ ئالدىدا ماڭغان ئۇيغۇر ستۇدېنتلار خىتاي بايرىقى ۋە خىتايچە لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۇلار خىتاي دائىرىلىرىگە نوقۇل ئۇيغۇرلۇق سالاھىيىتى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى خىتاي پۇقراسلىق سالاھىيىتى بىلەن مۇراجىئەت قىلغانىدى.**

**بۇ نامايىشنىڭ قانداق ئەھۋال ئاستىدا زوراۋانلىققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى كونكرېت ئەھۋال تېخى ئېنىق ئەمەس. خىتاي دائىرىلىرى زوراۋانلىقنىڭ چەتئەلدىكى «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» رەھبىرى رابىيە قادىر تەرىپىدىن ئالدىن پىلانلانغانلىقىنى ۋە قوماندانلىق قىلىنغانلىقىنى دەۋا قىلدى (56). لېكىن، باشقا نۇرغۇن دوكلاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، زوراۋانلىق ۋەقەسى بىخەتەرلىك قىسىملىرىنىڭ نامايىشچىلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە قوپاللىق بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس بولۇپ، ناھايىتى تېزلا نامايىشچىلاردىن باشقا، ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇ سەپكە قېتىلىپ، دۆلەتكە ۋە ھاكىم ئورۇندىكى خىتاي مىللىتىگە بولغان نارازىلىقنى بىلدۈرگەن. بۇ زوراۋانلىق ئىپتىدائىي ۋە ۋەھشىي بولۇپ، ئۇيغۇرلار**

پۈتۈن شەھەردە ماشىنىلارغا ئوت قويۇپ، دۇكانلارنى ئۇرۇپ - چېقىپ، خىتاي پۇقرالارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان ۋە خەۋەرلەرگە كۆرە 156 ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان (57). يۈز بەرگەن شىددەتلىك زوراۋانلىقلار توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر يېقىنقى ئون يىلدا ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قايسى دەرىجىدە يىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، بىر تۈركۈم خىتايلار ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغان. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بىخەتەرلىك قىسىملىرى بىر چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان، ھەتتا ئۇلار بۇ خىتايلارغا قورال بەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇ كۈنى كەچتە، بىخەتەرلىك قىسىملىرى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى تەكشۈرۈپ، زوراۋانلىقتا چېتىشلىق دەپ گۇمان قىلىنغانلارنى ئېلىپ كەتكەن (58). دەسلەپكى تۇپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، زوراۋانلىق يەنە ئىككى كۈن داۋاملاشقان. مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە قانچىلىك ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق، ئەمما ئۆلۈم - يېتىم سانى ئاز دېگەندە بىر قانچە يۈزگە يېتىدۇ دەپ پەرەز قىلىنغان.

ئۈرۈمچى ۋەقەسى: 7 - ئايدا ئۈرۈمچىدە پەيدا بولغان زوراۋانلىق خاھىشى بۇ ... 

نۇرغۇن جەھەتلەردە، 2009 - يىلى 7 - ئايدا ئۈرۈمچىدە پەيدا بولغان زوراۋانلىق خاھىشى بۇ رايوننىڭ تەرەققىياتى، كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ چەتكە قېقىلىشىدىن كېلىپ چىققان جىددىيلىكنىڭ ئەۋجىدۇر. رىيان سامنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ زوراۋانلىق ۋەقەسى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۇسۇلىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرسەتتى، يەنى بۇ ۋاقىتتا ئۇلار دىققىتىنى پەقەت ھۆكۈمەتكىلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن خىتاي مىللىتىگە قارىتىشقا باشلىغانىدى (59). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ۋەقە يەنە بۇ رايوندىكى خىتاي كۆچمەنلەرنىڭ يەرلىك ئۇيغۇرلارغا بولغان تونۇشىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئەگەر خىتايلار ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا قارىتا «ئۇلار قالاق، ھورۇن» دېگەن دوگما مىللەتچىلىك كۆز قارىشىدا بولۇپ كەلگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇلار ئۇيغۇرلارنى قان - قېنىدىن خەتەرلىك دەپ قاراشقا باشلىغانىدى. بۇنىڭغا ئولىمپىك مەزگىلىدە خىتايدا كەڭ تارقالغان، ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن «تېرورلۇق» ئەندىشىسى قوشۇلۇپ، بۇ تۇتۇم خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىش خاھىشىنى تېخىمۇ ئەدىتىۋەتكەن. (ھەم شۇ ۋەجىدىن) بارلىق ئۇيغۇرلار تۇيۇقسىزلا ئالاھىدە نازارەت قىلىنىشى كېرەك بولغان «خەتەرلىك» ئىنسانلارغا ئايلانغان. توم كلىفنىڭ (Tom Cliff) ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقى (قىسقارتىلىپ «7.5» دېيىلىدۇ) بۇ رايوندىكى نۇرغۇن خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى مەسىلە كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئالۋاستىلاشتۇرۇشىغا سەۋەب بولدى، بۇنى «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن ئامېرىكادا كەڭ يېيىلغان ئىسلام دۈشمەنلىكى بىلەن بىر قاتاردا قويۇشقا بولىدۇ (60). ئۇيغۇر دىيارىدىكى (كەلگۈندى) خىتايلارنىڭ بۇ ئىنكاسى يەرلىك ھۆكۈمەتكە «خەتەرلىك» ئۇيغۇرلارغا قارشى تەدبىر قوللىنىش جەھەتتە بارغانسېرى كۆپ بېسىم ئېلىپ كەلدى - دە، دۆلەت بۇ تەلەپلەرگە چېكىدىن ئاشۇرۇپ ئىنكاس قايتۇردى.

**ھۆكۈمەتنىڭ 2009 ـ يىلىدىكى مالىمانچىلىقتا قايتۇرغان ئىنكاسى بۇ رايوننىڭ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، جۈملىدىن كېيىنكى يىلى ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئايلاردا ئۈرۈمچىدىكى بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ناھايىتى قاتتىق كۈچەيتىلدى ۋە رايوننىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بىخەتەرلىك ھەرىكەتلىرى ئەۋجىگە چىقتى. زوراۋانلىقتا چېتىشلىق دەپ گۇمان قىلىنغان ئۇيغۇرلارغا قارىتا كەڭ كۆلەمدە ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان تۇرالغۇ بىنالىرى ۋە مەھەللىلەر ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇلدى (61). تۇيپىلاڭ سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنغان ۋە تۇرمىگە تاشلانغانلارنىڭ سانى ھازىرچە نامەلۇم، ئەمما «يۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى» ۋەقەدىن كېيىنكى ئىككى ھەپتە ئىچىدە كەم دېگەندە 4000 ئۇيغۇرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى خەۋەر قىلدى (62). ئۈرۈمچى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىدا توپىلاڭغا چېتىشلىق دەپ ئەيىبلەنگەن ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىش بىر نەچچە ئايغىچە داۋاملاشتى (63). خەۋەرلەرگە قارىغاندا، توپىلاڭغا چېتىشلىق دەپ قولغا ئېلىنغان مىڭلىغان مەھبۇسلارنىڭ خېلى زور بىر قىسمىنىڭ تېخىچە ئىز ـ دېرىكى يوق بولۇپ، «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى» ئۇلارنى «مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىلگەنلەر» دەپ تۈرگە ئايرىغان (64).**

**ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ رايوندىكى ئالاقىمۇ قاتتىق چەكلەندى. قالايمىقانچىلىق باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ھۆكۈمەت شۇ يەردىكى ئىنتېرنېتنى دەرھال توختىتىۋەتتى ۋە تور 2009 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 2010 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. (5 ـ ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن) تاكى 2010 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە يانفون قىسقا ئۇچۇرلىرى يوللىغىلى بولماس قىلىۋېتىلدى. شۇنداقلا، 2009 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە چەتئەللەر بىلەن تېلېفون ئالاقىسى ئۈزۈۋېتىلدى (65). قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگانلىرى مالىمانچىلىقتىن كېيىن، پۈتۈن رايوننى بىر يىلغا يېقىن قاتتىق قامال قىلدى.**

**گەرچە ئۈرۈمچىدىكى زوراۋانلىقنىڭ «تېرورلۇق ھۇجۇمى» ئەمەسلىكى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمانلىق ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقى ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا قارىتىلغان بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئاتالمىش «تېرورچىلار» ۋە «ئاشقۇن»لارنى تېخىمۇ كۈپ تېپىپ چىقىش ۋە دىنغا مايىل ـــ بولۇپمۇ رايوننىڭ جەنۇبىدىكى يېزىلاردىكى ـــ بارلىق كىشىلەرنى قارىقويۇق باستۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. چۈنكى، نۇرغۇن خىتايلار جەنۇبتىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن مۇشۇ ئۇيغۇرلارنى ئاشۇ قېتىملىق زوراۋانلىقنىڭ سەۋەبكارى دەپ قارايتتى. بۇ مەزگىلدە، دۆلەت مەسچىتتىكى ۋەز ـ تەبلىغلەرگە قارىتىلغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئىماملاردىن خىتاينىڭ سىياسىتى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە تېمىلاردا تەبلىغ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداقلا، ھەج تاۋاپ قىلىشنى (ئەسلىدىكىدىنمۇ) پەۋقۇلئاددە قېينلاشتۇرۇۋەتتى ۋە شەخسىي تۇرالغۇلاردىكى دىنىي تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇندى (66). ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىدىن كېيىنكى بىر يىلدا، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇچۇر ـ ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تامامەن دېگۈدەك قامال قىلىنغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ تەدبىرلەرنىڭ تولۇق سالمىقى ھېلىھەم ئېنىق ئەمەس.**

## 2010 ـ يىلدىن 2012 ـ يىلغىچە: تەرەققىياتنىڭ تېزلىتىلىشى

گەرچە بۇ رايوندىكى تەرەققىياتنىڭ بېسىمى بىلەن 2009 ـ يىلدىكى مالىمانچىلىق ئوتتۇرىسىدا ئېنىق باغلىنىش بار بولسىمۇ، ئەمما دۆلەت ــــ ھېچ بولمىغاندا مەزكۇر بېسىم ئۇيغۇرلارغا تەسىر قىلغاندا ــــ بۇ بېسىملارنى يېنىكلىتىش ئۈستىدە ئىزدەنمىدى. ئەكسىچە، دۆلەت داۋاملىق تۈردە مالىمانچىلىقنى «تەرەققىي قىلمىغانلىق»نىڭ ئالامىتى دەپ قاراپ، بۇ ۋەقەگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە تەرەققىيات سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرماقچى بولدى. توپىلاڭدىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى باش سېكرېتارى خۇ جىنتاۋ خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى «مەسىلىلەر»نى ھەل قىلىشتىكى بىردىنبىر چارىسىنىڭ «تەرەققىياتنى تېزلىتىش» ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى (67). زوراۋانلىق ۋەقەسىدىن كېيىن، مەزكۇر رايونغا يېڭىدىن پارتىيە سېكرېتارى قىلىپ تەيىنلەنگەن جاڭ چۈنشيەنمۇ بۇ يەكۈننى قوللاپ، دۆلەتنىڭ «ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك»كە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، (تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىقتىن ئىبارەت) بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى (68). بۇ مەندىن ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت كونىراپ مودىدىن قالغان زامانىۋىلاشتۇرۇش نەزەرىيەسىگە بولغان ئېتىقادىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، «ئىقتىسادىي ئېشىش مىللىي پەرقنى يوقىتىۋېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، مۇقەررەر ھالدا مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ» دەپ قارىدى. ھالبۇكى، بۇمۇ خىتاينىڭ «كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسى»دىن ئىبارەت تېخىمۇ كونا تەرەققىيات ۋە مىللىي بىر گەۋدىلىشىش ئەندىزىسىنى قوللانماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

2009 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بېيجىڭ دائىرىلىرى «تەرەققىياتنى تېزلىتىش» ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن مەزكۇر رايونغا ئۈچ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى، رايونلۇق پارتكوم سېكرېتارىنى ئالماشتۇردى، شۇنداقلا 2010 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كەڭ كۆلەملىك «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»نى پىلانلاشقا باشلىدى (69). تۇنجى نۆۋەتلىك مەزكۇر «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»دا رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مۇقىملىق ئورنىتىشنى مەقسەت قىلغان يېڭى ۋە تېخىمۇ قۇتراتقۇ لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. گەرچە بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ نىشانى خىتاينىڭ 1990 ـ يىللىرىدىن بۇيانقى نىشانلىرىدىن ئاساسەن پەرقلەنمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تېخىمۇ رادىكال ئۇسۇلىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە نىشانى ــــ بولۇپمۇ رايوننىڭ مەنزىرىسى ۋە نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۇرۇنۇشى جەھەتتە ــــ تېخىمۇ ئېنىق ئىدى.

«خىزمەت يىغىنى»دىن كېيىن، ئىقتىسادىي ۋە كۈلتۈرەل بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتىكى مەزكۇر قۇتراتقۇ ئىستراتېگىيە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان جەنۇبقا تېخىمۇ بەك مەركەزلەشتى. گەرچە 2000 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى ئون يىلىدا ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان جەنۇبتىكى شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىدا

ئىلگىرىلەش كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۆزگىرىشلار بەك بولسا 2000 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شىمال بىلەن جەنۇب ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان تەرەققىيات پەرقىنى ساقلاپ قېلىشقىلا (يەنى ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان جەنۇبنىڭ خىتايلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان شىمالدىن تېخىمۇ بەك ئارقىدا قالماسلىقىغا) ياردى. يەنە شۇنىڭدەك، خىتايچە مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇش ۋە جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى زاۋۇتلاردا ئىشلەشكە جەلپ قىلىش ئۇرۇنۇشىغا قارىماستىن، جەنۇبى تارىم ئويمانلىقىدىكى كىشىلەر يەنىلا ئاسسىمىلياتسىيەگە ۋە خىتاي تىلىنى قوبۇل قىلىشقا قارشى ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، خىتاي جەنۇبتىكى تەرەققىيات ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. لېكىن، بۇ جەنۇبتىكى نۇرغۇن ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندىكى مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ كۆچەيتىلىشىدەك تۇيغۇ بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ قارشىلىق قوزغايتتى، خالاس.

رايوننى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇش مېتودى قىسمەن يېڭىلىققا ئىگە ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ۋە ئېتىرازلارنى باستۇرۇش مەنتىقىسى يەنىلا 1950 ـ يىللاردىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، بۇ نەزەرىيەنىڭ سەۋەبچىسى بولغان ماركسىزمنى نەزەرگە ئالمىغاندا، ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشى ناھايىتى كۈچلۈك خىتايچە پۇراققا ئىگە يېڭى لىبېرالىزمنىڭ مەھسۇلى ئىدى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ نەتىجىسى قارىماققا 19 ـ ئەسىردىكى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىگە تېخىمۇ ئوخشايتتى. بۇ پروگراممىا «قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش پروگراممىسى» (PAP) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ خىتايدىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان باشقا رايونلارنى ئۇيغۇر رايونىدىكى (ئاساسلىقى جەنۇبتىكى) «تەرەققىي قىلمىغان» رايونلار بىلەن ھەمكارلاشتۇراتتى. بۇ پىلان دەسلەپتە خىتاينىڭ 19 ئۆلكە ـ شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەممىسلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفت ۋە تەبىئىي گازلىرىدىن نەپكە ئېرىشكەن بۇ ئۆلكە ـ شەھەرلەر 2011 ـ يىلىدىن 2020 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مالىيە كىرىمىنىڭ 0.3 ~ 0.6 پىرسەنتىنى ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى «قوشماق» رايونلىرىغا ئىشلىتىشكە ۋەدە بەرگەنىدى. شۇنداقلا، بۇ ياردەم ئاساسلىقى ئاشۇ «قوشماق ئۆلكىلەر»دىكى شىركەتلەر ئارقىلىق تەمىنلىنەتتى (70).

تۇماس كلېف «بۇ پىلان خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئۇيغۇر رايونىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېلىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن، بىر گەۋدىلىشىش مەنتىقىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن» دەپ قارايدۇ (71). كلېفنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ھەم ئۆتكەن نەچچە ئون يىلدا بۇ رايونغا كەلگەن خىتاي كۆچمەنلەرنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئۈنۈمى سەۋەبىدىن قىلىنغانىكەن. ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىدىن كېيىن، (شەرقىي تۈركىستاندىكى) خىتايلار يەرلىك خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى كۆنسېرى «ئالۋاستىلىشۋاتقان» ئۇيغۇرلاردىن قوغداشقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتتى. ھالبۇكى، شاڭخەي، شېنجېن قاتارلىق خىتاينىڭ داڭلىق شەھەرلىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك تەرەققىيات پىلانىغا ئىشتىراك قىلسا، شۇ چاغدا بار بولغان خىتاي كۆچمەنلەرنى

تۇتۇپ قالغىلى، شۇنداقلا يېڭى كۆچمەنلەرنى جەلپ قىلغىلى بولۇشى ئۈمىد قىلىنغانىدى. دەرۋەقە، «قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش پروگراممىسى» جەنۇبتىكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە كەڭ كۆلەملىك شەھەر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ پروگرامما مەزكۇر شەھەرلەردە خىتاي نوپۇسىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىگە ياردەم بەرگەندەكمۇ قىلاتتى.

«شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەنە بىر يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت، ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىرغىزىستان چېگراسىغا يېقىن قەشقەردە ۋە قازاقىستان چېگراسىغا يېقىن قورغاس شەھرىدە «ئالاھىدە ئىقتىسادىي تىجارەت رايونى» (SETA) تەسىس قىلىش ئىدى. خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىنى ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئاسىياغا تۇتىشىدىغان سودا كۆۋرۈكى قىلىپ ئىشلىتىشتىن ئىبارەت ئارقا كۆرۈنۈشىدە، بولۇپمۇ 2000 - يىللارنىڭ بېشىدا بۇ رايوننى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان نۇرغۇن ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرىنىڭ سىرتقا مايىل مۇشۇ ئىككى جۇغراپىيىلىك تۈگۈن ئارقىلىق ئاللىقاچان خىتايغا كىرىپ بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ ئورۇنۇشنىڭ ئەھمىيىتى زور ئىدى (72).

گەرچە لايىھەدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىككى «ئالاھىدە ئىقتىسادىي تىجارەت رايونى»نىڭ ئورنى ئوخشاشلا ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىنا قىلىنماقچى بولغان مۇھىت تامامەن پەرقلىق ئىدى. قورغاس چەت ۋە ئازادە چېگرا شەھەر بولۇپ، بۇ يەردە يېڭىباشتىن ئىش باشلاش ئاسان ئىدى، ئەمما قەشقەر ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان، نوپۇسى زىچ، ئۇيغۇر تارىخى ۋە كىملىكى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم شەھەر ئىدى. شۇڭلاشقا، قەشقەرنى «ئالاھىدە ئىقتىسادىي تىجارەت رايونى»غا ئايلاندۇرۇش كەڭ كۆلەمدە يېڭى شەھەر بەرپا قىلىشتىن باشقا، مۇقەررەر ھالدا شەھەردىكى مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ كۆچۈرۈلۈشى ۋە بۇزۇلۇشىغا بېرىپ چېتىلاتتى. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، خىتاينىڭ شېنجېننى، يەنى 1980 - يىللاردىكى خىتاينىڭ تۇنجى «ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون»نى «قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش پروگراممىسى»دا قەشقەرنىڭ «قوشماق شەھرى» قىلىپ تاللىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر پروگرامما يولغا قويۇلغان دەسلەپكى بىر قانچە يىلدا، «قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش پروگراممىسى» ئۈچۈن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانغا ئاجرىتىلغان ياردەمنىڭ يېرىمى قەشقەرگە ئىشلىتىلگەنىدى (73). ئەينى ۋاقىتتىكى بىر كۆزەتكۈچى ئېيتقانىدەك، بۇ تىرىشچانلىق «قەشقەرنى شېنجېنغا ئوخشىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەسەبىيلىكى»نى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى (74).

دۆلەت كونا شەھەر رايونىنى ۋەيران قىلىش ۋە كۆپ قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى بېتون بىنالارغا كۆچۈرۈشتىن باشقا، يەنە بۇ شەھەردە ياسىمچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچەپ، كۆلىمى 160 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان سانائەت باغچىسى قۇرۇشنى پىلانلىدى (75). بۇ ئۆزگىرىشلەر مۇقەررەر ھالدا نۇرغۇنلىغان يەرلىك ئۇيغۇرلارنى شەھەردىن تامامەن سىقىپ چىقىرىۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، شەھەرنىڭ تېخىمۇ چېتىگە ئىتتىرەتتى. شۇنداقلا، قەشقەرنىڭ مەزكۇر رايوندىكى كەلگۈسى رولىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا، بۇ يەردە ئۆي - مۈلۈك قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. يېڭى تۇرالغۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇرۇلۇش پۈتمەستىلا

خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى ھايانكەشلەر تەرىپىدىن تەرپىدىن سېتىۋېلىندى، ئۇلار كەلگۈسىدە ياسىمچىلىق ۋە سودا مەركىزىگە ئايلىنىدىغان قەشقەردىن پايدا ئېلىش كويىدا ئىدى (76).

شۇنى تونۇپ يېتىش زۆرۈركى، ئۇيغۇر رايونىنىڭ 2010 ـ يىلىدىن كېيىنكى كەڭ كۆلەملىك تەرەققىياتى نۇرغۇن ئۇيغۇر سەرخىللىرىغا ئىقتىسادىي جەھەتتە نەپ يەتكۈزدى. ئالېساندرو رىپپا (Alessandro Rippa) ۋە رۇنې ستېنبېرگنىڭ (Rune Steenberg) شۇ چاغدا قەشقەرنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلگىنىدەك، شەھەرگە ئېقىپ كىرگەن مەبلەغ نۇرغۇن ئۇيغۇرلارغا مۇنتىزىم ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى پەۋقۇلئاددە باي قىلىۋەتتى (77). ھالبۇكى، تەرەققىيات ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ قەشقەرنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرىنى تولىمۇ روشەن ھالدا ئىككىلەمچىلەشتۈرۈۋەتتى: خىتاينىڭ چوڭ شىركەتلىرى ئىقتىسادنى كونترول قىلىشقا باشلىدى؛ شەھەرنىڭ نوپۇس تەڭپۇڭلۇقى ئۆزگەردى؛ ئۇزۇندىن بۇيان بۇ شەھەرگە ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر كۇلتۇرەل ئالاھىدىلىكلىرى يوقىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ شەھەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھېچقانچە پايدا ئالالمىدى، بولۇپمۇ شەھەر تەرەققىياتىغا ئىشتىراك قىلغان نۇرغۇن خىتاي شىركەتلىرىنىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىشتىكى كەمسىتىش خاراكتېرلىك تۈزۈمىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولدى. گەرچە ئۇنداق قىلىش ئەمگەك قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە زىت بولسىمۇ، ئەمما 2009 ـ يىلىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن، شىركەتلەر، ھەتتا دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پەقەت خىتايلارلا ئىلتىماس قىلالايدىغان خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئېلانلىرى بارغانسېرى ئومۇملاشتى (78). گەرچە خوجايىنلار «تىل مەسىلىسى»نى، يەنى كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي تىلىنى ئانچە ياخشى بىلمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، مەزكۇر ئوچۇق ـ ئاشكارە كەمسىتىش خاراكتېرلىك خىزمەتچى قوبۇل قىلىش قىلمىشىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئاساسلىقى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ «خەتەرلىك» ئىكەنلىكىدىن بارغانسېرى قورقۇۋاتقانلىقى ۋە خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى «ئۇلار ھورۇن ۋە ئۇنۇمى تۆۋەن» دېگەن دوگما قارىشىدىن مەنبەلەنگەنىدى.

نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئىقتىسادتا ئاساسلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش ساھەلىرىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىلگەندىن سىرت، بۇ رايوننىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى سەۋەبلىك، ئۆي ـ ماكانلىرىدىن جۇدا بولدى. نەتىجىدە، نۇرغۇن «قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش پروگراممىسى» تۈرلىرى يېڭى تۇرالغۇ ئۆي سېلىشقا ھەدەپ كۆچىدى. مەسىلەن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى رايونلىرى بىلەن ھەمكارلاشقان شاڭخەي شەھىرى ئۈچ يىل ئىچىدە «ئوخشىمىغان تۆت ناھىيەدىكى سەكسەن مىڭ ئائىلىنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈرى»نى تاماملاشقا ۋەدە بەرگەن (79). بۇنىڭدىن باشقا، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر 2010 ـ يىلدىن 2015 ـ يىلغىچە پۈتكۈل رايون مىقياسىدا 1 مىليون 500 مىڭ ئۆينى «ئۆزگەرتىش» توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن، بۇ ئۆيلەر ئاساسلىقى ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان، خوتەن، غۇلجا، قومۇل، ئاقسۇ ۋە كورلا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر

**مەھەللىلىرىدە ئىدى (80). ئادەتتە بۇ ئۆيلەر تەرەققىيات سەۋەبىدىن ئۆيلىرىدىن كۆچۈرۈۋېتىلگەن ئۇيغۇرلارغا بېرىلسىمۇ، ئەمما يېڭى تۇرالغۇلار ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەھەللە قۇرۇلمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا شەكىللەنمىگەچكە، بۇ مەزكۇر رايوندا ئۇزۇندىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپىتالىنى ۋەيران قىلىشقا سەۋەب بولغان.**

**ئاخىرىدا، بۇ رايون ئۇچۇن تۈزۈلگەن مەزكۇر يېڭى ئىستراتېگىيە مائارىپ ۋە خىزمەت پروگراممىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى سىجىل ۋە تېخىمۇ جىددىي رەۋىشتە خىتاي كۈلتۈرىگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۇرۇنۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مەسىلەن، «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»دا شۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى باشلانغان «قوش تىل مائارىپى» تەشەببۇسىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ۋەدە بېرىلگەن بولۇپ، مەقسەت 2020 ـ يىلىغا بارغاندا بارلىق ئۇيغۇر بالىلىرىنى راۋان خىتايچە سۆزلىيەلەيدىغان قىلىش ئىدى (81). ئوخشاشلا، 2010 ـ يىلىدىن 2012 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، «شىنجاڭ سىنىپى» مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ سىجىل ئاشقانىدى (82). گەرچە ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان گۇاڭدۇڭ ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا ياسىمچىلىق خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش پروگراممىسى ۋاقتىنچە توختىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما پارتىيە مەزكۇر پروگراممىنى ياخشىلاشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدەندى ۋە نەتىجىدە مەزكۇر پروگرامما 2012 ـ يىلىدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ ئېغىر سالماق ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك ئاسسىمىلياتسىيە نىشانى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى.**

**نۇرغۇن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، 2009 ـ يىلىدىن كېيىنكى بۇ تەرەققىيات ئۇرۇنۇشلىرى نىكولاس بېكۇلىننىڭ تەبىرىدىكى خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى «باسقۇنچىلىق تەرەققىياتى»نىڭ يەنە بىر باسقۇچى بولۇپ، بۇنىڭ (كۆتۈلگەن) مەنتىقىلىق نەتىجىسى — بۇ رايون ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى خىتايغا تولۇق سىڭىپ كىرىشى ئىدى (83). ھالبۇكى، ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىدىن پەيدا بولغان ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان جەنۇبىي بوستانلىقلارغا بارغانسېرى مەركەزلەشكەن يېڭى باسقۇچ ئىلگىرىكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا قارىغاندا كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسىگە تېخىمۇ بەك ئوخشايتتى. توماس كلىف ئېيتقاندەك، بۇ «رايوننى ...» كونترول چېگراسى (ھەربىي ئىشغالىيەت)دىن «ئولتۇراقلىشىش چېگراسى» (خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئىشغالىيىتى)غا كېڭەيتىش ئۇرۇنۇشى ئىدى (84).**

**شۇڭلاشقا، بۇ تىرىشچانلىقلار خىتاي دۆلىتىنىڭ خىتاي بولمىغان مىللەتلەر بىلەن بولغان ئومۇمىي مۇناسىۋىتىدىكى يېڭى ئاسسىمىلياتسىيە يۆزلىنىشىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى (85). 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سىياسەت بېكىتىش ساھەسىدە، بولۇپمۇ خۇيزۇ تەتقىقاتچى ما روڭنىڭ ۋەكىللىكىدە، «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يۇگوسلاۋىيەنىڭ پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولغان مىللىي ئاپتونومىيە ئەندىزىسىنى خىتاي زېمىنلىرىنى باشقۇرۇشتا ئىشلىتىش مۇۋاپىقمۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن تالاش ـ**

تارتىش ئىزچىل مەۋجۇت ئىدى. ما روڭ ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى «خىتاي مىللىي خاسلىق بىلەن ئاپتونومىيەنى ئەمەس، بەلكى (جۇڭخۇا مىللىتىدىن ئىبارەت) يەككە كىملىكنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن <ئېرىتىش ئوچىقى> ئۇسۇلىنى قوللىنىشى كېرەك» دەپ قارايتتى. بۇ تۇتۇم كېيىنچە «ئىككىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياستى» دەپ ئاتالدى (86). گەرچە بۇ مىللىي سىياسەت تۇتۇملىرى ئىلگىرى پارتىيە ئىچىدىكى مۇنازىرىلەردە ئىككىلەمچى دەپ قارالغان بولسىمۇ، ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىدىن كېيىن، بۇ خىل ئەھۋال ئۆزگىرىشكە باشلىدى، بولۇپمۇ «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسەتلەردە ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. نۇرغۇن جەھەتلەردە، ئۇيغۇر رايونى «ئىككىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياستى»گە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن سىياسەتلەرنى سىنايدىغان كۆڭۈلدىكىدەك تەجرىبىخانا بولغان بولۇپ، بۇ مەزكۇر رايوندا كۈنسېرى روشەنلىشۋاتقان خىتاي كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىگە تولىمۇ ماس كېلەتتى.

## ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىقى ۋە دۆلەتنىڭ «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشى»، 2010~2012

«شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى» بۇ ئاسسىمىلياتسىيەچى تەرەققىيات سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن باشقا، يەنە ئۇيغۇر دىيارىنى «خەۋپسىزلەشتۈرۈش»نىڭ يېڭى دەۋرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. خىتاي مالىمانچىلىقتىن كېيىنكى تۇنجى يىلى ئۇيغۇرلارنى زوراۋانلارچە ۋە كەڭ كۆلەمدە باستۇرغاندىن كېيىن، 2010 - يىلى بۇ رايوندا زور دەرىجىدە كۈچەيتىلگەن بىخەتەرلىك مۇھىتى بەرپا قىلىشقا باشلىدى. بۇ دۆلەتنىڭ مالىمانچىلىقتىن كېيىنكى «ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك» ئىستراتېگىيەسىنىڭ «مۇقىملىق»قا ئائىت قىسمى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. بۇ كۈچەيتىلگەن بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئۇيغۇرلارغا — بولۇپمۇ جەنۇبتىكى يېزىلاردىكىلەرگە — ئەكەلگەن بېسىم پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بولۇپ، بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتكە قارشى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولاتتى.

2009 - يىلدىكى ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىنىڭ يۈز بەرگىنىگە بىر يىل بولغاندا، يەرلىك ئەمەلدارلار «شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا زوراۋانلىقتىن مۇداپىئەلىنىش قېپى بار، يۇقىرى سۈزۈكلۈكتىكى كۆزىتىش كامېراسىدىن قىرىق مىڭنى ئورناتقانلىقى»نى خەۋەر قىلدى (87). ئۈرۈمچىدە يەنە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇر ئولتۇراق رايونلىرى بىلەن خىتاي ئولتۇراق رايونلىرى ئارىسىدا دائىمىي توساق ئورناتقانلىقى خەۋەر قىلىندى (88). ھالبۇكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان جايلاردا ۋەزىيەت پەۋقۇلئاددە جىددىي ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئۆز يۇرتىدىن سىرتقا چىقىشى چەكلەنگەن، شەھەرلەر ئارىسىدا ماڭدامدا بىر تەكشۈرۈش پونكىتلىرى ئۇچرايتتى ۋە كىشىلەر مىللىي كىملىكىگە كۆرە

خالىغانچە تەكشۈرۈلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، مەن 2016 ـ يىلى تۈركىيەدە پاراڭلاشقان، (شەرقىي تۈركىستاندىكى) يېزىلاردىن كەلگەن ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى ماڭا ئۆزلىرىنىڭ 2009 ـ يىلىدىكى مالىمانچىلىقتىن كېيىن ئالاھىدە «دىنىي» ئۇيغۇرلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، يەرلىك دائىرىلەر تەرىپىدىن ئۇزۇن يىل نازارەت قىلىنغانلىقىنى تەكرار ـ تەكرار ئېيتتى. بۇ مۇساپىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئۆيگە نەزەربەند قىلىنىشقا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئىگىلىنىشچە بۇ تەدبىرلەر ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتىدىن قېچىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىكەن. ئومۇمىي ئۇيغۇر خەلقىنى نازارەت قىلىش ۋە كونترول قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئۇرۇنۇشلاردىن باشقا، يەنە ئىسلامىي ئىبادەتلەرنى تېخىمۇ ماھىيەتلىك كونترول قىلىش تەدبىرلىرىمۇ يولغا قويۇلغاندى. بۇ كونترول تەدبىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممۋى ھەرىكىتى، ئېتىقادى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا ئۇلار دىنىي يېتەكچىلىرىدىن تاپشۇرۇۋالغان ئۇچۇرلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، مەكتەپ، دوختۇرخانا ۋە مەسچىت قاتارلىق ئاممۋى ئورگانلاردىن پايدىلىنىلاتتى.

كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان بۇ خىل «خەۋپسىزلەشتۈرۈش»كە قارىتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ساقچى ۋە بىخەتەرلىك قىسىملىرىغا زورلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى ناھايىتى تېزلا كۆپ ئۇچرايدىغان ــ بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان جەنۇبتا ــ ھادىسىگە ئايلاندى. ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىدىن كېيىن، بۇ خىل زوراۋان قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى تۇنجى ۋەقە 2010 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاقسۇدىكى بىر ساقچىخانىنى پارتىلىتىش ۋەقەسى ئىدى. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر بارغانسېرى كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ خىلدىكى زوراۋانلىققا ئائىت ئۇچۇرلار يەنىلا چەكلىك بولسىمۇ، ئەمما 2012 ـ يىلىدىكى كۆپىنچە ۋەقەلەر ئۇيغۇرلار بىلەن قانۇن ئىجراچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتەك قىلاتتى (90). گەرچە خىتاي دائىرىلىرى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىگە ھېچبىر ئاساسسىزلا «تېرورلۇق ھەرىكىتى» دەپ قالپاق كىيگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە ۋەقەلەر «تېرورلۇق»نىڭ مەزكۇر كىتابتا قوللىنىلغان جانلىق ئېنىقلىمىسىغا ماس كەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار بۇ رايوندىكى زوراۋان بىخەتەرلىك ھەرىكەتلىرىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاسقا بەكرەك ئوخشايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ رايوندىكى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىققان قۇتراتقۇ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

بۇ زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ ئىچىدە كىشىلەرگە ھەممىدىن بەك تونۇشلۇق بولغىنى 2011 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قەشقەر ۋە خوتەندىكى ساقچى ۋە بىخەتەرلىك قىسىملىرىغا قارىتىلغانلىقى ئېلگىرى سۈرۈلگەن بىر قاتار ھۇجۇملاردۇر. بۇنىڭ ئىچىدىكى تۇنجى ۋەقە 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خوتەن شەھىرىدە يۈز بەرگەن. گەرچە ۋەقە توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار تالاش ـ تارتىش قوزغىغان بولسىمۇ، (خەۋەرلەرگە قارىغاندا بىر توپ ئۇيغۇر شەھەردىكى بىر بېكەتتە ساقچىلار بىلەن توقۇنۇشۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قانچىسىنى ئۆلتۈرگەن، قالغانلىرىنى گۆرۈگە ئالغان ۋە بېكەتكە ئوت قويۇۋەتكەندەك قىلاتتى (91). «جەنۇبىي خىتاي

**سەھەر گېزىتى»نىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى خەۋىرىگە كۆرە، مەزكۇر زوراۋانلىق ۋەقەسىگە شۇ يېقىندا بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يۈزىنى يېپىشى ۋە قارا كىيىم كىيىشى چەكلەنگەنلىكى سەۋەب بولغان (92). ئەڭ ئاخىرىدا، بۇ ۋەقەدە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى (خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن) 18 قىلىپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆلەرنىڭ 14 نەپىرىنىڭ ئۇيغۇر ھۇجۇمچىلار ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلدى. «قوغدىغۇچىلار گېزىتى» بۇ ۋەقەنى «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەزكۇر رايوندا يۈز بەرگەن ئەڭ ئەجەللىك توقۇنۇشلارنىڭ بىرى» دەپ ئاتىدى (93). شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ھەپتە ئىچىدە، قەشقەردىمۇ بىر قاتار زوراۋانلىق ۋەقەلىرى يۈز بەردى. شەنبە كۈنى يېرىم كېچىدە، بىرەيلەن شەھەرگە پارتلاتقۇچ دورا يۈتكەپ كىرمەكچى بولغاندا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي، كىچىك تىپتىكى يۈك ماشىنىسى پارتلاپ كەتكەن. ۋەقەگە چېتىشلىق ئىكەنلىكى روشەن بولغان ئىككى ئۇيغۇر قېچىپ كەتكەن ۋە باشقا بىر يۈك ماشىنىسىنى ئوغرىلىغان. ئاندىن ئۇلار يۈك ماشىنىسىنى ئادەم توپلاشقان يېمەكلىك يايمىلىرى بار كوچىغا ھەيدەپ كىرگەن ۋە ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ساقچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلەر توپىغا ھۇجۇم قىلغان (94). ئىگىللىنىشىچە، ۋەقەدە شۇ ئىشنى سادىر قىلغۇچى ئىككى كىشىنىڭ بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتە ئادەم ئۆلۈپ، تەخمىنەن 22 ئادەم يارىلانغان. ئەتىسى، يەنە بىر زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەن بولۇپ، مەزكۇر ۋەقە بىر رېستورانغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن باشلانغاندەك قىلاتتى. ئېيتىلىشىچە، بىر قانچە ئۇيغۇر ئەر قولدا ياسالغان پارتلاتقۇچنى كىشىلەرگە ئاتقان ۋە پىچاق بىلەن ھۇجۇم قىلغان (95). ئىككى كۈنلۈك زوراۋانلىق ۋەقەسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تەخمىنەن 20 ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قانچە ھۇجۇم قىلغۇچىمۇ بار ئىدى.**

**گەرچە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» بۇ ۋەقەلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قەشقەر ۋە خوتەندە يۈز بەرگەن بىر قاتار گۇمانلىق ھۇجۇملار ھەققىدە ۋىدىيو تارقاتتى ۋە ئۇنى جىھادىي ھەرىكەت دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دەل ئاشۇ ئالاھىدە ۋىدىيودا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» قەشقەر زوراۋانلىقىغا قاتناشقانلار ئارىسىدىكى بىرەيلەننىڭ 2006 ـ يىلى ۋەزىرىستاندا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىنغانىدى (96). ۋىدىيودا ئابدۇلھەقنىڭ ئورنىغا «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئەمىرى بولغان ئابدۇشۈكۈر بىر باياناتنى ئوقۇغان بولۇپ، مەزكۇر باياناتتا شەرقىي تۈركىستاندىكى مائارىپ، خىزمەت پروگراممىسى ۋە خىتاي كۆچمەنلەرنىڭ تۈركۈملەپ ئېقىپ كىرىشى قاتارلىق نۇرغۇن ئاسسىملىياتسىيە سىياسەتلىرىنىڭ شۇ قېتىملىق ھەرىكەتنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.**

**بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئالدى ـ كەينى بىر ئاي ئىچىدە يۈز بەرگەنلىكى، يەنە كېلىپ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ بەش يىل ئىلگىرى ۋەزىرىستانغا چېتىشلىق بىر ئادەم كۆرسىتىلگەن ۋىدىيونى ئېلان قىلىشى، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى تارتقاندەك قىلاتتى. نەتىجىدە، بۇ زوراۋانلىق ۋەقەسىدىن كېيىن، خىتاي ھەتتا بىنورمال رەۋىشتە، ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقداشلىرىدىن بىرى بولغان پاكىستاننى ئۇيغۇر «تېرورچىلىرى»نى پاناھلاندۇردى دەپ تەنقىدلىدى، پاكىستان بولسا بۇنىڭغا جاۋابەن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار**

شەكىللەندۈرگەن ئاتالمىش «تېررورلۇق تەھدىتى»گە قارشى تۇرۇشقا بار كۈچى بىلەن ھەمدەمدە بولۇشقا ۋەدە بەردى (98). مۆلچەرلەنگىنىدەك، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇرلارغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، «ئاشقۇنلۇق»قا قارشى تۇرۇش نامىدا دىنىي ھەرىكەتلەرنى نازارەت قىلىدىغان يېڭى ھەرىكەت قوزغىغانلىقىنى جاكارلىدى (99). ھالبۇكى.، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا دۆلەتنىڭ «شۇ قېتىملىق ۋەقە خەلقئارالىق <تېرورچىلار> تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان» دېگەن سۆزىگە ئىشەنمەيتتى.

ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردە «ۋال كوچىسى گېزىتى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بىر ئۇيغۇر مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇلار بۇ كىشىلەرنى پاكىستاندىن كەلگەن دېيىشتى. ئۇلار بۇلارنى خەلقئارالىق تېرورچى دېيىشتى. ئەمما ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ھۆكۈمەتكە ۋە خىتايلارغا ئاچچىقى بار يەرلىك كىشىلەر، خالاس» (100).

گەرچە بۇ بايانات پۈتۈنلەي كوچا پاراڭلىرىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىر كۈچىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. دەرۋەقە، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» 2010 ـ يىلى ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇر دىيارىدا جىھادنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋىدېيولارنى ئىشلەپ تارقاتقانىدى. بۇ ۋىدېيولارنىڭ بەزىلىرى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا يەتكەن بولۇشى ـــ بولۇپمۇ 2010 ـ يىلى 3G كۆچمە تورى بەرپا قىلىنغان ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەقلىي يانفونلار ئومۇملاشقاندىن كېيىن ـــ مۇمكىن ئىدى. ھالبۇكى، جەنۇبىي تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنى غەزەپلەندۈرىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدىكى، ئۇلار زوراۋان تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئۈچۈن «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ ھەرقانداق شەكىلدە «قۇترىتىشى»غا موھتاج ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدا، 2011 ـ يىلى يازدا خوتەن ۋە قەشقەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە ئوخشاش زوراۋانلىق ۋەقەلىرى تەدرىجىي كۆپەيدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر قېتىم زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، دۆلەتنىڭ قاتتىق قوللۇقى ئىشلارنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋەتتى. كۆپىنچە ھاللاردا، بۇ مەزگىلدە دائىرىلەر تەرىپىدىن «تېررورلۇق ھۇجۇمى» دېيىلگەن ۋەقەلەر ئەمەلىيەتتە ساقچىلارغا ۋە بىخەتەرلىك قىسىملىرىغا قارشى قورallıق ئۆزىنى قوغداش ھەرىكىتى ئىدى. بۇ ساقچىلار ۋە بىخەتەرلىك قىسىملىرى دۆلەتكە «ساداقەتسىز» دەپ قارالغان ئۇيغۇرلارنى ـــ بۇ كىشىلەرگە كۆپىنچە ھاللاردا دىندارلىقى سەۋەبلىكلا «ساداقەتسىزلىك» قالپىقى كىيگۈزۈلەتتى ـــ جېدەلخورلۇق بىلەن قولغا ئېلىشقا ئۇرۇناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، 2011 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن ئېغىر زوراۋانلىق ۋەقەسىدىكى ئەھۋال دەل ئاشۇنداقتەك قىلاتتى. خەۋەرلەرگە كۆرە، بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرى «پاكىستانغا بېرىشنى پىلانلىغان» دېگەن گۇمان بىلەن ساقچىلار تەرىپىدىن قوغلانغان. شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ساقچىلار بىلەن تىركىشىش جەريانىدا كىشىلەرنى گۆرۈگە ئېلىۋالغان ۋە ئاخىرىدا ساقچىلار بىلەن قوراللىق توقۇنۇشقان (101). توقۇنۇشتا بىر ساقچى ۋە يەتتە ئۇيغۇر ھاياتىدىن ئايرىلغان (102).

گەرچە شەرقىي تۈركىستاندىن سىرتقا ئېقىپ چىققان ئۇچۇر ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ خىل ۋەقەلەر، يەنى ھەم ئۇيغۇرلار، ھەم ساقچىلار قوزغىغان زوراۋانلىق ۋەقەلىرى 2012 ـ يىلى ئىزچىل كۆپەيگەن. شۇ يىلى 2 ـ ئايدا، قارغىلىق ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇر يىگىتلەر بۇ رايونغا كەلگەن 13 خىتاي كۆچمەننى نامەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كوچىدىلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن، شۇنداقلا ساقچىلارمۇ ھۇجۇمچى ئىكەنلىكى ئېلگىرى سۈرۈلگەن يەتتە كىشىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن (103). 3 ـ ئايدا، ساقچىلار كورلىدىكى دۆلەت تەرىپىدىن «قانۇنسىز دىنىي يىغىلىش» دەپ قارالغان بىر يەرگە قىلىنغان «تۇيۇقسىز ھۇجۇم» جەريانىدا تۆت ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئەمما ئۇ پەقەت بىر يەرگە يىغىلىپ ناماز ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلار توپى بولۇشى مۇمكىن ئىدى (104). شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، ئالتە ئۇيغۇر خوتەندىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ئايروپىلاننى بۇلاشنى پىلانلىغان دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنغان، ئەمما بۇ ۋەقەگە ئالاقىدار تەپسىلات ۋە ئەھۋاللار تالاش ـ تارتىش قوزغىغان. يەنە شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، خوتەندىكى دائىرىلەر تەرىپىدىن «قانۇنسىز دىنىي مەكتەپ» ئىكەنلىكى ئېلگىرى سۈرۈلگەن يەرگە «تۇيۇقسىز ھۇجۇم» قىلىنىپ، بىر قانچە ئۇيغۇر بالىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. ئەمەلىيەتتە بۇ پەقەت تىزىمغا ئالدۇرمىغان ئۇيغۇر مەكتىپى بولۇشى مۇمكىن ئىدى (105). 8 ـ ئايدا دائىرىلەر يىگىرمە ئۇيغۇرنى توردا ئېلان قىلغان ئۇچۇرلىرى سەۋەبلىك «دۆلەتنى پارچىلاش» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەپ، تۈرمىگە تاشلىغان (106). 10 ـ ئايدا، كورلادىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش سەۋەبلىك، ساقچىلار شەھەردىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى باشتىن ـ ئاياغ ياۋۇزلارچە ئاختۇرغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەنە بىر ئۇيغۇر خىتاينىڭ دۆلەت بايرىمى كۈنىدە، قارغىلىق ناھىيەسىگە يېقىن چېگرا پونكىتىغا «ئادەم بومبا» ھۇجۇمى قوزغىغان (107). قىسقىسى، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋەزىيەت شىددەت بىلەن ناچارلىشىپ، ئۇيغۇر پۇقرالىرى بىلەن بىخەتەرلىك ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىنلىشىۋاتقان توقۇنۇشقا ئايلانغان. لېكىن، بۇ زوراۋانلىقنىڭ خاراكتېرى بۇ توقۇنۇشنىڭ ھېچقانداق تەشكىللىك توپىلاڭنىڭ مەھسۇلى ئەمەسلىكىنى، خەلقئارالىق «تېرورلۇق تەشكىلاتى»دىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى؛ ئەكسىچە بۇنىڭ بارغانسېرى چەكتىن ئېشىۋاتقان بىخەتەرلىك ئورگانلىرى بىلەن رايوندىكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈنسېرى ئەدەۋاتقان زىددىيەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، دۆلەتنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياستى ۋە رايوننىڭ مۇستەملىكە قىلىنىشى بۇ زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

(شەرقىي تۈركىستاندا) زوراۋانلىقنىڭ كۆپىيىشى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇشقا، بۇ خىل باستۇرۇش يەنە بىر قېتىملىق زوراۋانلىققا سەۋەب بولىدىغان ناچار ئايلىنىش شەكىللەندى. ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا، جەنۇبى تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇشقا ئۇچرىدى. ھەر قېتىملىق زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىدىن كېيىن ياكى چوڭ ئاممىۋى پائالىيەتلەردىن ئىلگىرى، دۆلەت بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، «پىدائىي» بىخەتەرلىك خادىملىرىنى ئاممىۋى سورۇنلارنى نازارەت

قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، نۇرغۇن تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى قۇردى ۋە ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى (108). بۇ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى يەنە (مەسچىتتە ناماز ئوقۇش دېگەندەك) ئاشكارا ئىسلامىي ئىبادەتلەرنى ئوچۇق - ئاشكارا نازارەت قىلىش ئۇرۇنۇشلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى (109). نەتىجىدە بولسا، ھەرقېتىملىق مۇشۇ خىل جىددىي بىخەتەرلىك قاماللىرىدىن كېيىن، زوراۋانلىق ۋەقەلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى.

نۇرغۇن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن جەنۇبتىكى بىخەتەرلىك ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن، ئۆز - ئۆزىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بۇ توقۇنۇش دەسلەپكى ئون يىلدىكى «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى مەنتىقىلىق نەتىجىسى ئىدى. خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەتنىڭ مەركۇر رايوندىكى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى ئارزۇسى بىلەن «تېررورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»نىڭ ئىسلام قورقۇنچى ۋە بىخەتەرلىك ئەسەبىيلىكىنىڭ خەتەرلىك رەۋىشتە بىرلىشىشى ئۇيغۇرلار بىلەن دۆلەت ئۆزئارا تىركىشىدىغان ۋەزىيەتنى پەيدا قىلدى. 2009 - يىلى، ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ سىياسىتىگە تىنچلىق بىلەن ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىلغان بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇنۇشىنىڭ بىرى بىخەتەرلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ، پاجىئەلىك زوراۋانلىققا ئايلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيەتكە بولغان ئەندىشىسىنى تىنچ يول بىلەن ئىپادىلەيدىغان سىياسىي بوشلۇقى يوقلۇقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ۋەزىرىستاندىكى «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»غا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۆزىنى جىھادچىلار دەپ ئاتىۋالغان ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار ۋىدىيو ئىشلەش ئارقىلىق بۇ ئەھۋالنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئالماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە بۇ رايوندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا نىسبەتەن ئىككىلەمچى ئامىل بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان، بارغانسېرى ئېشىۋاتقان زوراۋانلىقىنى يوللۇقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇ خىل ئۆز - ئۆزىنى داۋاملاشتۇرىدىغان زوراۋانلىق دەۋرىيلىكى شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدىمۇ داۋاملاشتى، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىگە ئالاقىدار «ئۆز - ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بېشارەت»نى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇشىنى سەۋەب بىلەن تەمىنلىدى. ئۆز - ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بۇ بېشارەتنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىن خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ يەنە تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك — ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان — ئىسلام دۈشمەنلىكىنى يېلىنجىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى خىتايلارنىڭ دۆلەت ئۇيغۇرلارغا قارشى قوللانغان ھەر قانداق تەدبىرنى — ئۇنىڭ قانچىلىك چېكىدىن ئاشقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — قوللىشىغا تۈرتكە بولدى. جۈملىدىن، ئۇيغۇرلار دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە بولغان مەۋجۇتلۇق تەھدىتى سۈپىتىدە بارغانسېرى ئالۋاستىلاشتۇرۇلدى.

## بەشىنچى باب: «ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بېشارەت» ۋە «تېررورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى»، 2013 ~ 2016

2013 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئارقا دېرىزىسىدىن شاھادەت كەلىمىسى يېزىلغان قارا بايراق لەپىلدىتىلگەن دالا ماشىنىسى بېيجىڭنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قەدىمىي ئوردىغا (故宫) قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، كىشىلەر توپىغا سوقۇلغان ۋە ئاخىرىدا ئۇزۇندىن بۇيان خىتايدا ھاكىمىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ ئوردىنىڭ يېنىدا كۆيۈپ كەتكەن. مەلۇم بولۇشىچە، ماشىنىدا بىر ئەر، ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئاپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئۇيغۇر ئائىلىسى بار ئىدى. بۇ جەرياندا ماشىنىدىكى ئۈچەيلەن بىلەن (سىرتتىكى) ئىككى ساياھەتچى قوشۇلۇپ جەمئىي بەش كىشى ھاياتىدىن ئايرىلىپ، 38 ئادەم يارىلانغان (1). بۇ ئۇيغۇر دىيارىدىكى كۈنسېرى كۆچىيىۋاتقان زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا يامرىشى بولغاچقا، بۇ خىتايدىكى ئۇيغۇرلار پەيدا قىلغان ئاتالمىش «تېررورلۇق تەھدىتى»گە بولغان تەشۋىشنىڭ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولدى.

ئەينى ۋاقىتتا، CNN تورى مەندىن بۇ ۋەقە ھەققىدە ئوبزور يېزىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇ ماقالىدە، مەن مەزكۇر ۋەقەنىڭ ئېپىزودىيلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ خەلقئارالىق «تېررورلۇق» تورىغا باغلانغان تەشكىللىك تەھدىت بىلەن مۇناسىۋەتتى بارلىقىغا بولغان گۇمانىمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم (2). (مەزكۇر ماقالە سەۋەبلىك) خىتاي تورچىلىرىنىڭ ماڭا بولغان ئىنكاسى پەۋقۇلئاددە شىددەتلىك ۋە زوراۋان بولدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ماڭا ئېلخەت ئارقىلىق ئۆلۈم تەھدىتى سالدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى (مەندەك) بىر ئامېرىكالىقنىڭ خىتايدىكى ئۇيغۇرلار سادىر قىلغان زوراۋانلىق بىلەن ئامېرىكادا يۈز بەرگەن «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»نىڭ ئوخشاش ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىدىن غەزەپلەنگەنىدى. ھەتتا بەزىلەر «ئامېرىكامۇ يەرلىك ئامېرىكالىق (يەنى ھىندىئان)لارغا ئاشۇنداق قىلغان» دېيىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان سىياسەتلەرنى ئاقلاشتى. «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» مېنىڭ ئوبزورىمغا قارشى شىددەتلىك ئوبزوردىن بىرنى ئېلان قىلىپ، CNN نىڭ مېنىڭ ئوبزورىمنى ئېلان قىلغانلىقىنى تەنقىد قىلدى. شۇنداقلا، خىتاينىڭ دۆلەتلىك تاراتقۇسى بولغان «مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» يەتتە مىنۇتلۇق بىر ۋىدىيو ئېلان قىلىپ، CNN تورىنىڭ مەزكۇر ھۇجۇمنىڭ تېررورلۇق ياكى ئەمەسلىكىگە گۇمان

بىلەن قارىشىدا «يامان غەرىزى بار» دېدى (3). خىتاي ۋۇقرالىرى ھەتتا CNN نىڭ خىتايدا پائالىيەت قىلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن ئاتالمىش «ئاساسسىي قاتلام ھەرىكىتى» قوزغىدى (4).

گەرچە بۇ ۋەقە ھاكىمىيەتنىڭ سىمۋوللۇق مەركىزىدە يۈز بەرگەنلىكى سەۋەبلىك نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى 2013 ـ يىلى خىتايدا يۈز بەرگەن ئۇيغۇرلارغا چېتىشلىق ئەڭ زوراۋان ۋەقە دېيىشكە قەتئىي بولمايتتى. جەنۇبتىكى بىخەتەرلىك ئورگانلىرى بىلەن يەرلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى 2010 ـ يىلى باشلانغان ئۈزلۈكسىز زوراۋانلىق 2013 ـ يىلى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ، بېيجىڭدا ئۆلگەن بەش ئادەمدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كىشىنى ھاياتىدىن ئايرىدى. ئەمما، بۇ ۋەقەلەر ئۇيغۇر رايونىدىلا جىمىقتۇرۇلۇپ، كۆپىنچىسى دۆلەت تەرىپىدىن خەۋەر قىلىنمىدى. تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى ۋەقەنىڭ «خەلقئارالىق تېرورلۇق»قا باغلىنىشلىق بولۇشتىن بەكرەك، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى بىخەتەرلىك ئورگانلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان زوراۋانلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى ئىدى. لېكىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەنىڭ «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن پىلانلانغان ئويۇشتۇرۇلغان «تېرورلۇق ھۇجۇمى» ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. گەرچە «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» بۇ ۋەقەنى سادىر قىلغان ئۇيغۇرلارنى «جىھاد قىلدى» دەپ تەبرىكلىگەن ۋىدىيونى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋەقەگە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇنىڭ بىلەن كونكرېت مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېيتمىدى (5). بۇنىڭدىن باشقا، (تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى) ماشىنا سوقۇلۇش ۋەقەسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى نائېنىق بولغاچقا، ئۇنى پۇختا تەشكىللەنگەن ھۇجۇم دېگىلىمۇ بولمايتتى. گەرچە شاھادەت كەلىمىسى يېزىلغان بايراقنىڭ ماشىنا دېرىزىسىدىن لەپىلدىتىلىشى ئۆلارنىڭ ھېچ بولمىغاندا ئىسلامىي قوراللىق كۈچلەرنىڭ سىمۋوللىرىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتسىمۇ، ئەمما ئەر ـ ئايال ۋە ئاپىدىن شەكىللەنگەن بۇ گۇرۇپپىنى خەلقئارا جىھادچىلار بىلەن باغلىنىشلىق ئاتالمىش«تېرورلۇق تەشكىلاتى» دېيىش غەلىتىلىك بولاتتى. ئۇنىڭدىن سىرت، باشقا مەنبەلەرنىڭ پەرىزىگە كۆرە، بۇ ئائىلە يۇرتى ئاقتۇدىكى مەسچىتنىڭ شۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى چېقىۋېتىلگەنلىكىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلماستىن تىبەتلەرنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرۈشكە ئوخشاش، قەستەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى (6). بۇ دالا ماشىنىسىنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىغا سوقۇلۇشىدىكى ھەقىقىي سەۋەب ۋە مۇددىئاسىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ۋۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئۇيغۇرلار بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى توختاۋسىز زوراۋانلىقنىڭ تەسىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدىنمۇ ھالقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

ئەنە شۇ رەۋىشتە، 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، خىتاي شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئون يىلدا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەن ۋە «تېرورلۇق تەھدىتى» قالىپىقىنى كىيگۈزگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي زوراۋانلىقى توغرىسىدىكى تەشۋىشلەر «ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بېشارەتلەر» ئارقىلىق ئاخىرى رېئاللىققا

ئايلانغاندەك قىلاتتى. بۇنىڭدىن سىرت، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا بۇ خىل زوراۋانلىق تېخىمۇ كۆپەيدى. شۇنداقلا، مەزكۇر كىتابتىكى جانلىق ئېنىقلىمىغا كۆرە، بۇ ۋەقەلەرنىڭ بەزىلىرىنى يوللۇق ھالدا «تېرورلۇق ھەرىكەتلىرى» دېيىشكە بولىدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن، بۇ تەرەققىياتلارنىڭ ھېچقايسىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تەشكىللىك «تېرورلۇق تەھدىتى» مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيتتى، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ياكى باشقا خەلقئارالىق جىھادىي تەشكىلاتلارغا باغلىنىشلىق «تېرورلۇق تەھدىتى»دىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. ئەكسىچە، بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ سەۋەبى ۋە مۇددىئاسىدىن دېرەك بېرىدىغان يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگىدەك قىلاتتى. ھالبۇكى، شۇنچە كۆپ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىم ئېلىپ بېرىلىشىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ جەنۇبتىكى يېزىلاردا ئۈمىدسىزلىك ۋە غەزەپنىڭ قايسى دەرىجىدە ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

مۆلچەرلەنگىنىدەك، خىتاي يەنە بىر قېتىم بۇ خىل زوراۋانلىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئۆزىنىڭ دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى، «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا يوللۇقلاشتۇرۇلغان زوراۋانلىقىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇردى. گەرچە خىتاي 2016 - يىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەلگۈسى ئۈچ يىلدا، ئۇيغۇر دىيارىدا «قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش پروگراممىسى» ئارقىلىق «تېزلەتمە تەرەققىيات»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندىكى قاتتىق بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى بارا - بارا بۇ تەرەققىياتنى خۇنۈكلەشتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت بۇ مەزگىلدە ئۆزى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئارىسىدا دۇچ كەلگەن ئاتالمىش تەھدىتلەرنى بايان قىلىشقا باشلىدى. بۇ «تەھدىت»لەرنىڭ باش مەنبەسى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈلتۈرەل ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن «ئاشقۇنلۇق» دەپ قارالغان بەزى تەرەپلىرى ئىدى. خىتاي كۆچمەنلىرى ئۇيغۇر دىيارىنى داۋاملىق مۇستەملىكە قىلىۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، ئۇيغۇر كۈلتۈرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەھدىتنى نىشان قىلغان بۇ ئۇرۇنۇشلار يەنە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۇيغۇر دىيارىغا چاڭگال سېلىۋاتقان خىتاي كۈلتۈرىگە زورلۇق بىلەن سىڭدۈرۈش ئۇرۇنۇشىنى يوللۇقلاشتۇرۇشقا ياردى. مۆلچەرلەنگىنىدەك، ئۇيغۇرلار بۇ تەدبىرلەرگە تېخىمۇ زوراۋان قارشىلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇپ، 2010 - يىلى جەنۇبتا باشلانغان «باستۇرۇش - زوراۋانلىق - باستۇرۇش»تىن ئىبارەت ئۆز - ئۆزىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئايلىنىشنى داۋاملاشتۇردى ۋە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى.

## ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بېشارەتلەر ۋە ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرى

«ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بېشارەت» (self ـ fulfilling prophecy) ئۇقۇمى 1930 ـ يىللاردا ئىلمىي ھاياتىنى باشلىغان ئامېرىكالىق جەمئىيەتشۇناس روبېرت مېرتوننىڭ (Robert Merton) ئەسىرىدىن كەلگەن. مېرتوننىڭ تەبىرىگە كۆرە، «ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بېشارەت» ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى خاتا مۆلچەر بولۇپ، شۇ خاتا مۆلچەر سەۋەبلىك ۋۇجۇدقا چىققان ئىجتىمائىي ياكى سىياسىي قىلمىشلار شۇ خاتا مۆلچەرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ خاتا مۆلچەر رېئاللىققا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تۈرتكە بولغان قىلمىشنى تېخىمۇ يوللۇقلاشتۇرىدۇ. مېرتوننىڭ قەيت قىلغىنىدەك: «ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بېشارەتنىڭ قارىماققا توغرىدەك كۆرۈنىدىغان بۇ يوللۇقلۇقى خاتالىقنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىشىنى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. چۈنكى، بېشارەت بەرگۈچى ئۆز سۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپتىن باشلاپلا توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ۋەقەنىڭ ئەمەلىي جەريانىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ» (7).

مېرتوننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بېشارەت توغرىسىدىكى مىساللىرى ئاساسلىقى 1940 ـ يىللاردىكى ئامېرىكادىكى تۈزۈلمە خاراكتېرلىك ئىرقچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مەسىلەن، ئۇ «قارا تەنلىك ئامېرىكالىقلار ئەقلىي جەھەتتە ئاق تەنلىكلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ» دېگەن ئىرقچى قاراشنىڭ ئافرىقا نەسىللىك ئامېرىكالىقلار (يەنى قارا تەنلىكلەر)نىڭ مائارىپىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ كېمىيىشىگە قايسى رەۋىشتە سەۋەب بولغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلغان. بۇ خىل مەبلەغنىڭ كېمىيىشى كېيىنچە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرگەن قارا تەنلىكلەرنىڭ ئازىيىشىغا سەۋەب بولغان ۋە «ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن، شۇڭا ئۇلارغا مائارىپ جەھەتتە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئاشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەن ھۆكۈمنى تېخىمۇ يوللۇقلاشتۇرغان (8). مېرتونغا كۆرە، ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بۇ بېشارەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان خاتا پەرەزلەر ئوقۇشماسلىقتىن كېلىپ چىققان خاتا مۆلچەرلەر ياكى ناچار سىياسەتلەر بولماستىن، بەلكى تەڭسىز ھوقۇق مۇناسىۋەتىنىڭ قالدۇقلىرى ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان، يىلتىزى چوڭقۇر بىر تەرەپلىملىكنىڭ مەھسۇلى ئىدى.


مېرتوننىڭ بۇ ئۇقۇمى سىستېمىلىق ئىزاھلىشى ختاينىڭ تەسەۋۋۇردىكى «تېررورلۇق تەھدىتى»گە قارىتىلغان سىياسەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى قايسى رەۋىشتە ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ 2013 ـ يىلىدىن 2014 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قىسىم ئەمەلىي «تېررورلۇق ھۇجۇملىرى»نى قوزغىشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يېقىنقى زامان ختاي دۆلەتلىرىدە، ئۇيغۇرلار ئىزچىل ھالدا ئۆزلىرىگە

**«ئېپتدائىي»، «قالاق» ۋە «تۇترۇقسىز»لىق قالپىقىنى كىيگۈزگەن تۈزۈلمە خاراكتېرلىك ئىرقچىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ھازىرقى خىتاي دۆلىتىنىڭ مۇستەملىكىۋى پەرق سەۋەبلىك ئۇيغۇرلارغا قاراتقان «ئاتىلىق» تۇتۇمىنى يوللۇقلاشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە (شەرقىي تۈركىستاندا) ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىستىكىنى تۇنجۇقتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. ھالبۇكى، خىتاي 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىرازلىرى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىستەكلىرىنىڭ بارلىق ئالامەتلىرىنى «تېررورلۇق» دەپ سۈپەتلەشكە باشلىغاندا، شۇنداقلا 2002 ـ يىلى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ «تېررورلۇق تەشكىلاتى» دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى بىلەن بۇ سۈپەتلەش «دەلىل»لەنگەندە، مەزكۇر تۈزۈلمە خاراكتېرلىك ئىرقچىلىقنىڭ خاراكتېرى بارغانسېرى كۈچەيدى. بۇ ھەرىكەتلەر ئۇيغۇرلارنى ئۆز نارازىلىقلىرىنى ھەر قانداق قانۇنىي شەكىلدە ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلغان ۋە ئۇلارنى دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن مەۋجۇت ھايات ـ ماماتلىق تەھدىت سۈپىتىدە تەدرىجىي ئىنسانىيسىزلاشتۇرغان جەرياننىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى بارغانسېرى «تەھدىت» دەپ سۈپەتلىشىگە، ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز نازارەت قىلىپ، ئۆز ۋەتىنىدە (شەرقىي تۈركىستاندا) چەتكە قېقىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ بېسىملارغا شىددەتلىك ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى. ئۆز نۆۋىتىدە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بۇ غەزەپنى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار شەكىللەندۈرگەن «تېررورلۇق تەھدىتى» توغرىسىدىكى تۇتۇمىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئىشلىتەلەيتتى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، 2013 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تيەنئەنمېن مەيدانىغا سوقۇلغان دالا ماشىنىسى خىتاينىڭ «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» تەدبىرلىرىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس ئىدى، ئەمما ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بۇ تەدبىرلەرنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى ئىسپاتلاش رولىنى ئوينىغانىدى.**

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

* نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلغايسىز.



# بايدىننىڭ تۇنجى يىللىق ئاسىيا سىياسىتىگە نەزەر

دەنىي رۇسېل، ۋېندى كاتلېر

# جو بايدېننىڭ تۇنجى يىللىق ئاسىيا سىياسىتىگە نەزەر

دەنىي رۇسېل ۋە ۋېندى كاتلېر

ئامېرىكا پرېزدېنتى بايدېن بولتۇر 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرىلا، ئاقساراىدا مەخسۇس «ئاسىيا ئەلچىسى» تەيىنلەپ، ئۇنى مەزكۇر رايوندىكى ئاساسلىق رەھبەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىشقا مەسئۇل قىلدىغانلىقىنى جاكارلىغان، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى خىتاي تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ۋەدە بەرگەنىدى. ئۇنداقتا، بايدېننىڭ پرېزدېنتلىق ۋەزىپىسىنى باشلىغىنىغا بىر يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ ئاسىيا ۋە ھىندى ـ تىنچ ئوكيان سىياستىگە قانداق باھا بېرىش كېرەك؟

بايدېن ۋە ئۇنىڭ تاشقى سىياسەت ئەترىتى خەلقئارا مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە، مول دىپلوماتىك تەجرىبىلەرنى ھەمدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىش مېتودىنى ئېلىپ كەلدى. دۆلەت ئىچىنى گۈللەندۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئامېرىكانىڭ (ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بولغان) ھەمكارلىق تورى قايتا بەرپا قىلىپ، خەلقئارادىكى نوپۇزىنى قايتىدىن تىكلەشكە تىرىشتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسى باشچىلىقىدىكى بىر قاتار دۆلەت ئىچى مەسىلىلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشۇنداق مېتود قوللىنىشى ئامالى يوق ئىدى. ئەمما سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە كوممۇنىستلار بىلەن ھەپىلىشىش توغرىسىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىر نەرسە ئۆگەنگەن بايدېن، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ «ئامېرىكا ۋە غەرب زاۋاللىققا يۈزلەندى» دېگەن قاراشتا قەتئىي چىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. قارىماققا ئۇلار (يەنى خىتاي رەھبەرلىرى) بىردەك ھالدا كۆز ئالدىدىكى پۇرسەت ۋە ئۆز ئىقتىسادىنىڭ جەلب قىلىش كۈچى سەۋەبىلىك، مەۋجۇت ۋەزىيەتنى خىتاي ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارايدىغاندەك قىلاتتى. بايدېننىڭ ئىستراتېگىيە ئەترىتىدىكىلەر ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، «ئامېرىكا دۆلەت ئىچىنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە قايىل قىلارلىق قەدەم ئاتمىغۇچە، خىتاي گەردەنكەشلىكىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ» دەپ قاراشتى.

بايدېن پرېزدېنتلىق ۋەزىپىسىنى باشلىغاندىن تارتىپلا، يېڭى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئامېرىكا پرېزدېنتلىرى ئادەتتە يۈزلىنىدىغاندىكىدىن كۆپ مۈشكۈلاتلارغا دۈچ كەلدى. مەزكۇر يېڭى ھۆكۈمەت

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ساغلاملىق، مۇھىت ۋە گېئوپولىتىكا قاتارلىق بارچە ساھەلەردە دېگۈدەك قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. گەرچە ئامېرىكانىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى (ئاسىياغا قارىتىلغان) تەدبىرلىرى ۋە تەشەببۇسكار تۇتۇمى ئۆزگە مەلۇم دەرىجىدە ئىشەنچ ئاتا قىلغان، شۇنداقلا بايدېن ھۆكۈمىتى- ئۆچۈن ئازراق ۋاقىت ئۇتقان بولىسىمۇ، لېكىن ئاسىيامۇ يەنىلا ئامېرىكانىڭ باش قېتىنچىلىقلىرىدىن بىرى ئىدى. ئامېرىكانىڭ بۇ جەھەتتىكى تەدبىرلىرى يېڭى ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىنى باشلىغان تۇنجى كۈنىلا پارىژ كېلىمات كېلىشىمىگە ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىغا قايتىپ كىرىش؛ دەسلەپتىلا ياپونىيە ۋە كورىيەنىڭ رەھبەرلىرىنى ۋاشىڭتوندا كۈتۈۋېلىش؛ باشتا كابىنېت سېكرېتارلىرىنى، كېيىن مۇئاۋىن پرېزىدېنتنى ئاسىياغا ئەۋەتىش؛ ئۈچىنچى ئايدا «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىكى دىيالوگى»نى (Quad) قايتىدىن جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە ياپونىيە، ھىندىستان ۋە ئاۋىستىرالىيە رەھبەرلىرى بىلەن تور يىغىنى ئېچىش، ئاندىن 9 ـ ئايدا مەزكۇر تۆت دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ يۈزتۇرانە ئۇچرىشىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى ئەۋلاد «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىكى دىيالوگى»نى مۇستەھكەملەش بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ تۇنجى يىلىدىكى ھىندى ـ تىنچ ئوكياندىكى ئەڭ مۇھىم ئۇتۇقى بولۇشى مۇمكىن. دەسلەپتە توردا ئۆتكۈزۈلگەن باشلىقلار يىغىنى ۋە 9 ـ ئايدا ۋاشىڭتوندا ئۆتكۈزۈلگەن يۈزتۇرانە ئۇچرىشىشتا خىتايغا ئالاقىدار ھالقىلىق مەسىلىلەر ئەپچىللىك بىلەن ھەل قىلىندى. خىتايغا قارشى شىددەتلىك ھاقارەتلەردىن ۋاز كېچىلىپ، زىل، ئەمما كۈچلۈك مېتود قوللىنىلدى. 2021 ـ يىلى، «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىكى دىيالوگى» زېرەكلىك بىلەن، زېھنىنى خىتايغا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ كوللېكتىپ ھەرىكەت ئارقىلىق، ۋاكسىنا تارقىتىش قاتارلىق تەخىرسىز مەسىلىلەردە، مەزكۇر رايون ئۈچۈن نېمىلەرنى ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىغا مەركەزلەشتۈردى. «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىكى دىيالوگى» باشلىغان بۇ ۋە باشقا خىزمەتلەر ئەمەلىيەتتە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلىك رىقابىتىدە خىتايغا جەڭ ئېلان قىلدى ۋە رايوندىكى دۆلەتلەرنى ۋاكسىنىدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە بىلەن، يەنە خىتاي سېتىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ئىشەنچلىك مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىدى. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىكى دىيالوگى» داۋاملىق تۆردە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ۋەدىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇئەييەن مەسىلىلەردە بولسىمۇ باشقىلارنى ئۆز ھەمكارلىقىغا ئىشتىراك قىلغۇزۇشنىڭ يولىنى تېپىشى كېرەك. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىكى دىيالوگى» يەنىلا بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىنتايىن ئىجادىي ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىرىدۇر.

شەرقىي شىمالىي ئاسىيادا، بايدېن ھۆكۈمىتى ئۇدا ئىككى نۆۋەتلىك ياپونىيە باش مىنىستىرى بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ جەھەتتە خىتايغا رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، خىتاي (يەنى ئۇلارنىڭ بارغانسېرى چېكىدىن ئاشقان ئۇرۇشخۇما تۇتۇمى) سەۋەبلىك، ياپونىيە ھازىر (ئامېرىكا بىلەن بولغان) ئىتتىپاقداشلىقنى ۋە رايون بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىشنى

خالايدىغان بولدى. بايدېن دونالد ترامپ كورىيىدە تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە تولۇقلىما بېرىش خۇسۇسىدا پەيدا قىلغان ناباب تالاش ـ تارتىشلارنى تېز سۇرئەتتە بىر تەرەپ قىلدى، شۇنداقلا كورېيەنىڭ (چاۋشيەن بىلەن) «ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇش خىتابنامىسى» ئېلان قىلىشقا ئوخشاش بىر قىسىم ناتوغرا تەرەددۇتلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن جىمىقتۇردى. چۈنكى، (كورېيە بىلەن چاۋشيەن ئارىسىدا) بۇ خىل «ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇش خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغان تەقدىردە، بۇ چاۋشيەننىڭ «ئامېرىكا ـ كورېيە ئىتتىپاقداشلىقى»نىڭ يولسىزلىقى ھەققىدىكى داۋراڭلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتەتتى. چاۋشيەن مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۆتكەن قىرىق يىلدا ھېچبىر نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ چاۋشيەننىڭ ئۆزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللار تەھدىتىنى تىزگىنلەش جەھەتتىكى ئىپادىسىنى يارقىن دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇ رېئاللىقنى نەزەردە تۇتقاندا، مەلۇم بىر نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ چاۋشيەن سىياستىنى (ئۇنىڭ يارقىن ئىپادىسى ياكى تۆھپىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى) ئۇنىڭ قانچە ئاز خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى بىلەن ئۆلچەش تېخىمۇ مۇۋاپىقتۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ چاۋشيەن مەسىلىسىدە خاتالىقتىن ساقلىنىش جەھەتتىكى ئىپادىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك دېيىشكە بولىدۇ. مەزكۇر ھۆكۈمەت چاۋشيەن بىلەن بولغان دىپلوماتىك سۆھبەتلەرنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان بولسىمۇ، ئەمما (كورېيەنى ۋاقىپلاندۇرمىغان ھالدا) ئۆز ئالدىغا چاۋشيەن بىلەن مۇرەسسەلىشىش ئارقىلىق ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇمسىزلىقتىن ساقلاندى، ھەمدە چاۋشيەننى چۆچۈتۈپ قويمىغان شارائىتتا، مۇداپىئەنى، شۇنداقلا چاۋشيەننى چەكلەش ئىقتىدارىنى جىمجىتلىقنە كۈچەيتىۋالدى.

2021 ـ يىلى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا بايدېن ئۈچۈن تېخىمۇ ئېغىر باش قېتىنچىلىقى بولدى. بېرمىدا يۈز بەرگەن ئاپەت خاراكتېرلىك ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش، ھەمراھ دۆلەتلەردە دېموكراتىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە بۇ رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا بولغان «خوش ـ خوش»چىلىقى بۇ يەردىكى ۋەزىيەتنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. بايدېن ھۆكۈمىتى ئامېرىكانىڭ جەنۇبىي دېڭىزدىكى ئەركىن يۈرۈش ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتتىكى رولىنى ساقلاپ قالغان، ھەتتا كۈچەيتكەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي بىلەن (مەزكۇر رايوندىكى، فىلىپپىن قاتارلىق) كىچىك دەۋاگەر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زېمىن تالاش ـ تارتىشلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك دىپلوماتىك چارىسى يوق ئىدى. گەرچە ئامېرىكانىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدىكى كۆپ ساندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا بارغان ھەمدە بايدېن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىغا تور ئارقىلىق قاتناشقان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسى سەۋەبلىك، ئامېرىكانىڭ بۇ رايوننىڭ ئىشلىرىغا رايون دۆلەتلىرى ئارزۇ قىلغاندەك كۈچلۈك رەۋىشتە ئىشتىراك قىلىشى توسالغۇغا ئۇچرىدى. ئەگەر بايدېننىڭ بۇ يىلنىڭ بېشىدا (بېرمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان) رايون رەھبەرلىرىنى كۈتۈۋېلىش پىلانى ئەمەلگە ئاشسا، بۇ ھەقىقەتەن زور مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا ئەگىشىپ چوقۇم كونكرېت قەدەملەر بېسىلمىسا بولمايدۇ.

بۇ بىر يىلدا، ئامېرىكانىڭ ئاۋستىرالىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. گەرچە ئاۋستىرالىيەنىڭ «ئاۋستىرالىيە ـ ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئىتتىپاقى» كېلىشىمى (AUKUS) تۈزگەنلىك سەۋەبلىك، ئەسلىدە فىرانسىيە بىلەن تۈزۈشكەن تەخمىنەن 90 مىليارد دوللارلىق سۇ ئاستى پاراخوتى كېلىشىمنى ئۆز ئالدىغا بىكار قىلىشى فىرانسىيەنى قاتتىق نارازى قىلغان (ھەتتا، فىرانسىيە بۇ سەۋەبلىك ئاۋستىرالىيەدىكى باش ئەلچىسىنى چاقىرتىپ كەتكەن) بولسىمۇ، ئەمما ياۋروپادىكى ئىشەنچلىك مۇھىم شېرىك بولغان ئەنگلىيەدە ئالدىنقى قاتاردىكى مۇداپىئە تېخنىكىسى ئىتتىپاقى قۇرۇش يەنىلا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك تەدبىردۇر. «ئاۋستىرالىيە ـ ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئىتتىپاقى»مۇ (AUKUS) ئىككىنچى ئەۋلاد «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىكى دىيالوگى»غا ئوخشاشلا، كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان غايە ۋە ئىجادچانلىقنىڭ نامايەندىسىدۇر. بۇنىڭدىن سىرت، ئاۋستىرالىيەنىڭ خىتاي ۋىرۇسىنىڭ ئەسلى مەنبەسىگە قارىتا خەلقئارالىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش چاقىرىقى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ ئاۋستىرالىيەدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان بىر تۈركۈم مەھسۇلاتلارغا چەك قويۇشى ئاۋستىرالىيە ـ ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

ئۇنداقتا، خىتاي توغرىسىدىچۇ؟

بايدېننىڭ «ئامېرىكانىڭ دۆلەت ئىچىنى تەرتىپكە سېلىش خىتايغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر» دېگەن يەكۈنى، شۇنداقلا ئورتاق غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن ئوخشاش پىكىردىكى ئىتتىپاقداشلار، ھەمراھلار ۋە دېموكراتىك ئەللەر بىلەن ئىتتىپاقلىششقا زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشى توغرىدۇر. ئەمما، مەسىلە شۇكى، بۇ ئىككى ئىشنى (يەنى بىر تەرەپتىن دۆلەت ئىچىنى تەرتىپكە سېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىتتىپاقداشلار بىلەن تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ھەمكارلىششنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش تولىمۇ مۈشكۈل، شۇنداقلا راۋۇرۇس ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي بىر ئىزىدا تۇرمىسىن، داۋاملىق تۈردە سودا كېلىشىملىرى، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى، شۇنداقلا تېخنىكا جەھەتتە ئامېرىكانى بېسىپ چۈشۈش ئۈچۈن، دۆلەت ئىچىدىكى شىركەتلەرگە كەڭ كۆلەملىك تولۇقلىما ۋە باشقا تۈردىكى ئىقتىسادىي ياردەملەرنى بېرىش ئارقىلىق ئۈستۈنلۈك قازانماقتا.

دۆلەت ئىچىدە، بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىلگىرىلەشلىرى مەزكۇر ۋىرۇسنىڭ دېلتا ۋە ئومىكرون ۋارىيانتلىرى سەۋەبلىك توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت ئىچىنى گۈللەندۈرۈش ئۇرۇنۇشىمۇ دەسلەپتە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۈتۈقلۇق بولغان بولسىمۇ، دۆلەت مەجلىسىدىكى پارتىيەلەرئارا تالاش ـ تارتىشلار سەۋەبلىك توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسەت كۆن تەرتىپىمۇ كابىنېتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنى ۋە باش ئەلچىلەرنى تاللاش، تەكشۈرۈش، تەستىقلاش جەھەتلەردىكى سوزۇلمىلىق سەۋەبلىك كېچىكىپ كەتتى. شۇنداقلا، مەزكۇر ھۆكۈمەتنىڭ شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئۇرۇشخۇمار خىتاي بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تاللاشلىرىمۇ ئامېرىكا سىياسىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ خىتاينى يېڭى «رەزىللىك ئىمپېرىيەسى» دەپ قاراش

جەھەتتىكى ئورتاق تونۇشى سەۋەبلىك بۇرمىلاندى. ھۆكۈمەت دۇچ كەلگەن، خىتايغا قارشى قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقانلىقنى ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتى جەھەتتىكى سىياسىي بېسىم گاھىدا ھۆكۈمەتنىڭ خىتايغا قارشى «شاھنى مات قىلىشى»غا ئەمەس، بەلكى قۇرۇق ھەيۋە قىلىشىغا سەۋەب بولدى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، بايدېن ھۆكۈمىتى يەنىلا خىتاي بىلەن ھاپىلا ـ شاپىلا كېلىشىم تۈزۈشكە ئالدىراپ كەتمىدى ھەمدە ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ يۆزلىنىشىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن بېكىتىلىشىگىمۇ يول قويمىدى. بايدېن ھۆكۈمىتى خىتاي ئوتتۇرىغا قويغان، تەيۋەن ۋە كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق خىتاينىڭ نەزىرىدىكى «يادرولۇق مەسىلىلەر» جەھەتتە خىتايغا يول قويۇش بەدىلىگە، ئۇنىڭ (كىلىمات ئۆزگىرىشى دېگەندەك) يەر شارىۋى مەسىلىلەردىكى ھەمكارلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت «سودا تەكلىپلىرى»گە قوشۇلمىدى. گەرچە دۆلەت سېكرېتارى ئانتونىي بلىنكېن ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى جېيك سۇلىۋان بىلەن (ياڭ جيېچى ۋە ۋاڭ يى قاتارلىق) خىتاي دىپلوماتلىرى ئارىسىدىكى نەق مەيداندىن تارقىتىلغان تۇنجى قېتىملىق دىپلوماتىك ئۇچرىشىش (خىتاي دىپلوماتلىرى سادىر قىلغان) دىپلوماتىك ئەدەبكە زىت جېدەلخورلۇق سەۋەبلىك بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت بايدېننىڭ خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭ بىلەن بولغان ئون يىللىق مۇناسىۋىتىدىن ئەڭ زور چەكتە پايدىلاندى. ھالبۇكى، بايدېن بۇلتۇر 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شى جىنپىڭ بىلەن توردا «باشلىقلار ئۇچرىشىشى» ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئىلگىرىكىدىن نىسبەتەن سىپايىلەشكەن سۆز ـ ئىبارىلەردىن سىرت، ھېچقانچە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولمىدى. شۇنداقلا، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى نۇرغۇن جەھەتلەردە ھېلىھەم خەتەرگە تولغان دېيىشكە بولىدۇ.

ھالبۇكى، بايدېننىڭ ئاسىيا ۋە ھىندى ـ تىنچ ئوكيانىدىكى ئومۇمىي تۈتۈمىنى باھالىغاندا، ئىشەنچلىك ئىقتىسادىي ۋە تىجارەت كۈن تەرتىپىنىڭ بولماسلىقى بايدېننىڭ بىرىنچى يىللىق ئاسىيا سىياسىتىدىكى ئاساسلىق يېتەرسىزلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، نېمىلا دېگەن بىلەن، ئىقتىسادىي ساھە ئاسىيادىكى ھەقىقىي جەڭگاھتۇر. مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا «رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي شېرىكلىك كېلىشىمى»نىڭ (RCEP) ۋە ئۈچ يىل ئىلگىرى «تىنچ ئوكياندىن ھالقىغان شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېلىشىمى»نىڭ (CPTPP) ئىمزالىنىشى نەتىجىسىدە دەلىللەنگىنىدەك، سودا كېلىشىمى مەزكۇر رايوندا ئىقتىسادىي ئېشىش، يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىيات جەھەتتىكى مۇھىم قورال، شۇنداقلا ئىستراتېگىيەلىك قارالمىنىڭ مۇھىم تولۇقلىمىسى دەپ قارىلىدۇ. بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر ئامېرىكا ئىشتىراك قىلغان سودا كېلىشىملىرى ئىمزالاشنى تولىمۇ خالايدۇ. چۈنكى، بۇ ھەم يېڭىلىق يارىتىشچان ئامېرىكا مەھسۇلاتلىرىغا ۋە مۇلازىمىتىگە ئېرىشىشنىڭ كاپالىتى (راۋۇرۇس پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئامېرىكا بازىرىنى دېمەي تۇرايلى)، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ خىتايغا بولغان ئاجىزلىقلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر.

ئەمما، ئاچچىق رېئاللىق شۇكى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى ۋاشىڭتوننىڭ سودا كېلىشىمى تۈزۈپ چىقىشنى ساقلاپ تۇرمايدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ مەسىلە (يەنى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئىستراتېگىيەلىك نىشانغا ئىگە سودا كېلىشىملىرىنى تۈزۈش) ئامېرىكا ئىچكى سىياسىتىنىڭ چوڭقۇر پاتقاقلىرىغا پېتىپ قالغاندا نۆۋەتتىكىدەك ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق. ھالبۇكى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي رايون تەمىنلەش زەنجىرىنى كونترول قىلىش، خەلقئارا ئۆلچەملەرنى بېكىتىش، سودا ۋە مەبلەغ سېلىش قائىدىلىرىنى تۈزۈش ئارقىلىق (ئامېرىكا پەيدا قىلغان) بۇ بوشلۇقنى تولدۇرماقتا. شۇنداقلا، ھەممىدىن بەك مەسخىرىلىكى شۇكى، بۇلتۇر 9 ـ ئايدا، خىتاي «تىنچ ئوكياندىن ھالقىغان شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېلىشىمى»گە قاتنىشىش ئۈچۈن رەسمىي ئىلتىماس سۇندى. بۇ ئەسلىدە ئامېرىكا تۈزگەن، ئەمما ئالدىنقى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت (يەنى ترامپ ھۆكۈمىتى) تەرىپىدىن ۋاز كېچىلگەن يۇقىرى ئۆلچەملىك كېلىشىم ئىدى.

ئېنىقكى، بايدېن ھۆكۈمىتى ئامېرىكا شىركەتلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى مەزكۇر رايوندا روياپقا چىقارغان سودا ئۇتۇقلىرىنى قوغداش ۋە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىش ئۈچۈن، ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي مۇجادىلىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭلاشقا مەزكۇر ھۆكۈمەت نۆۋەتتە تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى، كاربونسىزلاشتۇرۇش، رەقەملىك تېخنىكا ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇقى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يېڭى ھىندى ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي رامكىسىنى تۈزۈپ چىقماقتا. مەزكۇر رامكىغا ھەقىقىي رەۋىشتە، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنىڭ مەزكۇر رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ ساھەلەردە ماھىيەتلىك ۋە تەسىرچان تەدبىرلەرنى قوللىنىش تولىمۇ تەخىرسىزدۇر. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر ئاچچىق رېئاللىق شۇكى، بۇ رامكا ئامېرىكانىڭ مەزكۇر رايوندىكى ئىقتىسادىي ئىشتراكىنى كۈچەيتىشتە قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا تەدرىجىي ھالدا ئىناۋەتكە ۋە جەلپكارلىققا ئېرىشكەن «تىنچ ئوكياندىن ھالقىغان شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېلىشىمى»نىڭ (CPTPP) قاتارلىق ئورۇنباسارى بولالىشى ناتايىن.

گەرچە ئامېرىكا سىياسىيونلىرى ئامېرىكانىڭ بۇ يۇقىرى ئۆلچەملىك كېلىشىمگە قايتا ئەزا بولمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما مەزكۇر كېلىشىمگە قايسى رەۋىشتە تۈزىتىش كىرگۈزگەندە، ئۇنى ئۆز مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى ۋە بۈگۈنكى ئىقتىسادىي، سودا ۋە تېخنىكىۋى رېئاللىققا مۇۋاپىقلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئەستايىدىل كاللا قاتۇرۇش ئاقىلانىلىقتۇر. «تىنچ ئوكياندىن ھالقىغان شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېلىشىمى»نىڭ مەزكۇر رايوندىكى بارغانسېرى ئېشىۋاتقان جەلپ قىلىش كۈچى ۋە بېيجىڭنىڭ ئۇنىڭغا قاتنىشىش قارارى، بايدېننىڭ پرېزىدېنتلىقىنىڭ ئىككىنچى يىلىدا بۇ تاللاشقا قايتا قاراپ چىقىشقا ئەرزىيدۇ.

**ئامېرىكانىڭ 2021 ـ يىللىق ئاسىيا سىياسىتىنى باھالىغاندا، بايدېن ھۆكۈمىتى ئامېرىكانىڭ دۆلەت ئىچىدىكى رىقابەت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت سىرتىدىمۇ ئىتتىپاقداشلىق ۋە ھەمكارلىق تورىنى قايتا بەرپا قىلغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرى نومۇرغا لايىق. بايدېن ھۆكۈمىتى بىۋاسىتە ۋە توردىكى ئۇچرىشىشلار ئارقىلىق دىپلوماتىك ئىشتىراك سالمىقىنى كۈچەيتىپ، بىخەتەرلىك مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىپ، ئورتاق خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىجادىي يېڭى مېخانىزملارنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەمما، ئىشنىڭ قىيىن قىسمى تېخىمۇ ئالدىمىزدا. كېيىنكى خىرىس ـــ 2022 ـ يىلى ھىندى ـ تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ تېخىمۇ مۇقىم، گۈللەنگەن، باغلىنىشچان، ساغلام بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئەمەلىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://thediplomat.com/2022/01/bidens-asia-policy-1-year-in/



# «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى»دە، جىنايەتكە شېرىك بولۇش مەسىلىسى

سپېنسېر بوكات لىندېل

# «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى»دە، جىنايەتكە شېرىك بولۇش مەسىلىسى

سپېنسېر بوكات لىندېل

تەرجىماندىن ئىلاۋە: ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ دەقىقىلەرنىڭ ئۆزىدە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقى ئىنكار قىلغۇسىز دەرىجىدە كۆپ ۋە ئىشەنچلىك پاكىتلىرى بولغان شەكسىز رېئاللىقتۇر. شۇ ۋەجىدىن، خىتايدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مەزكۇر قىشلىق ئولىمپىكنىڭ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى» ئىكەنلىكى ۋە شۇ سەۋەبلىك پۈتۈن جاھان ئەھلى تەرىپىدىن بىردەك بايقۇت قىلىنىشى كېرەكلىكى تالاش-تارتىش كەتمەيدىغان ئەقەللىي تەلەپتۇر. ئەمما، ئەخلاق ئۆلچەملىرى «مەنپەئەت»نىڭ سېسىق تاپانلىرى ئاستىدا چەيلىنىۋاتقان بۇ دۇنيادا، ھەممە ئادەم بۇ مەسىلىگە بىزگە ئوخشاش نەزەردە قارىمايدىغانلىقى ئېنىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، رېئاللىقنىڭ ــ قانچىلىك ئاچچىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ــ ھەقىقىي يۈزىنى مۇئەييەن دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە، ئۇشبۇ ماقالىنى تەييارلىدۇق.

***

**پارىخورلۇق، چىرىكلىك، ئىسراپخورلۇق، ساختىپەزلىك، مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، يەرلىك ئاھالىلەرنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈش، شۇنداقلا يېقىنقى خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسى قاتارلىق سان-ساناقسىز تالاش-تارتىشلار تۈپەيلى، ئولىمپىكنىڭ ئەخلاق كرىزىسىغا پېتىپ قالغىنىغا بىر مەزگىل بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ تەنتەربىيە مۇتەخەسسىسى كېرت ستىرېتېرنىڭ (Kurt Streeter) ئېيتقىنىدەك، «2022-يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىكىدىكى مەسىلىنىڭ سالمىقى (ئىلگىرىكىدىن) تامامەن پەرقلىقتۇر».**

**بۇ قېتىملىق قىشلىق ئولىمپىكنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋاتقان ئەڭ چوڭ مەسىلە، بېيجىڭدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىدۇر. خەۋەرلەردە كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۇ يەردە بىر مىليون ياكى تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇرلار ۋە مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك باشقا مىللەتلەر كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىنىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىلىش ۋە قىيىن-قىستاقلارغا دۇچ كەلمەكتە. مەزكۇر يەرلىك مىللەتلەر دۇچ كەلگەن زۇلۇملار**

بايدېن ھۆكۈمىتى ۋە باشقا دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا باراۋەر» قىلمىش دەپ ئېلان قىلىندى.

ئۇنداقتا، بەزى كىشىلەر «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى» دەپ ئاتىغان بۇ ئىشتا، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە شېرىك بولۇپ قېلىش مەسىلىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟ خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى مەزكۇر ئولىمپىكنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن شىركەتلەرگە، تەنھەرىكەتچىلەرگە ۋە ئاددىي كۆرۈرمەنلەرگە قانداق ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەرنى يۈكلەيدۇ؟ تۆۋەندىكى بىز كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

## دىپلوماتىك بايقۇتنىڭ قانچىلىك رولى بولىدۇ؟

بۇلتۇر 12-ئايدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «پرېزىدېنت بايدېننىڭ مەزكۇر ئولىمپىكقا ھېچ ئىش بولمىغاندەك مۇئامىلە قىلىشنى خالىمايدىغان»لىقى سەۋەبلىك، ئامېرىكانىڭ بېيجىڭ ئولىمپىكىغا دىپلوماتىك ۋەكىل ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ھالبۇكى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار بايدېننىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىلىرىنى (تېلېۋىزور ۋەھاكازادىن) چوقۇم كۆرىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈردى.

قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، بۇ بىر-بىرىگە زىت ئىككى ئۇچۇردۇر. 1980-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا «موسكۋا ئولىمپىكى» ئۆتكۈزۈلگەندە، كارتېر ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئولىمپىكنى تەلتۆكۈس بايقۇت قىلغان، يەنى ئەمەلدارلارنىمۇ، تەنھەرىكەتچىلەرنىمۇ ئەۋەتمىگەندى.

لېكىن، ئۆتمۈشكە قارايدىغان بولساق، شۇ قېتىملىق بايقۇت زور دەرىجىدە مەغلۇبىيەتلىك بولغان، دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، گەرچە نەچچە يۈز نەپەر ئامېرىكالىق تەنھەرىكەتچى ھاياتىدا كەم ئۇچرايدىغان مۇسابىقە پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تۆلىگەن بەدەل سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتىگە ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى تاكى 1980-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئافغانىستاندىن چىقىپ كەتمىگەن.

2020-يىلى «ئامېرىكا ئولىمپىك ۋە مېيىپلار ئولىمپىكى كومىتېتى» مەزكۇر ئۇنۇمسىز بايقۇت قارارى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدى. تەنتەربىيە مۇخبىرى بوب كوستاس (Bob Costas) بۇ ھەقتە: «گەرچە بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ (دىپلوماتىك بايقۇت) قارارى كىشىنى مەمنۇن قىلالمىسىمۇ، ئۇنىڭ تۆۋەنتىكى تەدبىرلىرى توغرا» دېدى.

لېكىن، يەنە بەزىلەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە باشقا دۆلەتلەر ھازىرقىدىنمۇ كۆپرەك ئىشلارنى قىلالايدۇ، دەپ قارايدۇ. «ئىستراتېگىيە ۋە خەلقئارالىق تەتقىقات مەركىزى»نىڭ ئالىي مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە

چاۋشيەن مەسىلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇلى ۋىكتور چا تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئولىمپىككە قاتنىشىشىنى چەكلەشنىڭ «ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق» دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «دىپلوماتىك بايقۇت ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ خىتاي زېمىنىدا تۇرۇپ تەنقىدىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقى سەۋەبلىك، ئولىمپىكنى سىياسىيسىزلاشتۇرۇۋەتتى» دەپ قارايدۇ.

«خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسى ۋە ئارزۇسى شۇكى، خىتاي ئولىمپىكتىن ئىلگىرىكى سىياسىي بوران-چاپقۇنلاردىن ساق-سالامەت ئۆتۈۋالغانلا تەقدىردە، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تاراتقۇلارنى قاپلاپ كېتىدۇ-دە، سىياسىي ئېتىرازلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم قالمايدۇ» دەيدۇ ۋىكتور چا.

يەسمەن سەرخان «ئاتلانتىك ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە، مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ بۇ ھەقتە ئاشكارا پوزىتسىيە بىلدۈرۈش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ: «مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەر ئۆز ئارىسىدىكى پەرقلەرگە قارىماستىن، گاھىدا ئىسرائىلىيەنىڭ پەلەستىنلىكلەرگە قىلغان زۇلمى، بېرمىدىكى روھىنگيا كرىزىسى... قاتارلىق بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا ئوخشاش ئىنكاس قايتۇرالايدۇ» دېيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە قارىتا ئىزچىل ئىپادە بىلدۈرمىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يەسمەن سەرخان ئۆز ماقالىسىدە يەنە شۇنداق دېدى: «بۇ دۆلەتلەرنىڭ (خىتايغا قارشى) ئېنىق مەيدانىنى ئىپادىلىشىگە ئوچۇق بىر مەنپەئەت تۈرتكىسى يوق. شۇنداقلا، مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ كوللېكتىپ ساداسىنى ئىشقا سېلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان خەلقئارالىق ھەرىكەتمۇ يوق. ئەمما، بۇلار (يەنى مۇسۇلمان ئەللىرى) ئىشتىراك قىلمىغان تەقدىردە، خىتايغا بېسىم ئىشلىتىش جەھەتتە، غەربنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ھەر قانداق ئۇرۇنۇشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشەلىشى قىيىن».

## ھەممىنىڭ كۆزى «خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى»دا

ئولىمپىكنىڭ ئەخلاقىي ماقامىنى يوقاتقانلىقى توغرىسىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن قالسا ئەڭ قاتتىق تەنقىدكە دۇچ كەلگەن خەلقئارالىق ئاپپارات «خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى»دۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى» ئولىمپىك ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىنى دۆلەت ئىچىدىكى ئۆكتىچىلەرنى باستۇرىدىغان رۇسىيە ۋە خىتايغا ئوخشاش مۇستەبىت دۆلەتلەرگە بەرگەنلىكى سەۋەبلىك تەنقىدكە ئۇچرىدى.

لېكىن، تەنقىدچىلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، «خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى» خىتاينىڭ توختامدا بەلگىلەنگەن «كىشىلىك ھوقۇق مۇھىتىنى باھالاش» شەرتىگە رىئايە قىلمىغانلىقىغا كۆز يۇمغان. ھالبۇكى، كەلگۈسىدە باشقا دۆلەتلەر چوقۇم مۇشۇ خىل باھالاشنى قوبۇل قىلىشى شەرت.

«خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى» يەنە تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ مۇكاپات سۇپىسىدا ياكى مۇسابىقە مەيدانىدا تىنچ رەۋىشتە ئېتىراز بىلدۈرۈشىنىمۇ چەكلىگەن.

خىتاي تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ماۋرا ئېلىزابېت كانىڭھام (Maura Elizabeth Cunningham) ئۆزىنىڭ «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»دا ئېلان قىلىغان ماقالىسىدە، بۇ ھەقتە شۇنداق دېدى: «قارىغاندا، <خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى>مۇ خىتايدىن ئىبارەت پارتىيە دۆلىتىگە ئوخشاشلا، تەرتىپلىك، نەق مەيدان تارقىتىش جەريانىدا ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىگەن بىر نۆۋەتلىك ئولىمپىك ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا بولسا كېرەك. <خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى>نىڭ ئەمەلدارلىرى ئىزچىل ھالدا <تەنتەربىيە بىلەن سىياسەت ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلمەسلىكى كېرەك> دەپ، مۇستەبىت دۆلەتلەردە ئولىمپىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ئەخلاقىي ۋە سىياسىي تەسىرلىرى توغرىسىدا توختىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلمەكتە».

## قانداق قىلغاندا «خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى»نى ئىسلاھ قىلغىلى بولىدۇ؟

بۇ ھەقتە، فلورىدا شتاتىنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان ئاۋام پالاتاسى ئەزاسى مايك ۋالتز (Mike Waltz) ۋە ۋىرجىنىيە شتاتىنىڭ دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان پارلامېنت ئەزاسى جېنىفېر ۋېكستون (Jennifer Wexton) يېقىندا ئوتتۇرىغا قويغان، «خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى»نىڭ باج كەچۈرۈم قىلىنىش سالاھىيىتىنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قانۇن لايىھەسى ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ ئىككى نەپەر پالاتا ئەزاسى «خەۋەر ھەپتىلىكى»دە ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە شۇنداق دېدى: «ئامېرىكالىق باج تاپشۇرغۇچىلار مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئوبرازىنى ياخشىلاش ئۈچۈن شاپاشلايدىغان بۇنداق ئولىمپىك مۇسابىقىلىرى ئۈچۈن پۇل تۆلەپ يۈرمەسلىكى كېرەك».

## تەنھەرىكەتچىلەرچۇ؟

ئولىمپىك ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى تەنھەرىكەتچىلەردۇر. ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ مۇسابىقىگە قاتناشماسلىقتىن ئىبارەت ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتى بارمۇ؟ بۇ ھەقتە، برېين ئالېكساندىر «بوستون يەرشارى گېزىتى»دە ئېلان

قىلىنغان ماقالىسىدە شۇنداق دېدى: «سىلەر (يەنى تەنھەرىكەتچىلەر) كۆڭۈل ئېچىش ساھەسىدىن ئىبارەت غايەت زور <گۆش قىيمىلاش ماشىنىسى>نىڭ ئىچىدىكى گۆشسىلەر. شۇ ۋەجىدىن، ئەگەر سىلەر نوقۇل ھالدا (دىنىي ۋە مىللىي) كىملىكى سەۋەبلىك تۈرمىلەرگە سولانغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ دۇمبىسىدە قار تېيىلىش، مۇز تېيىلىش ياكى مۇز چەينەك (curling) ئويناشتىن بىئارام بولۇشقا باشلىغان بولساڭلار ۋە شۇ سەۋەبلىك مۇسابىقىگە قاتناشماسلىقنى قارار قىلساڭلار، <خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى>نى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىرىگە يانتاياق بولۇشتىن توسۇپ قالالايسىلەر».

لېكىن، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر «تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىشىنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈمى يوق، شۇنداقلا بۇنداق قىلىش تەنھەرىكەتچىلەر ئۈچۈن ئادالەتسىزلىك بولۇپ قالىدۇ» دەپ قارايدۇ. جەنۇبىي ئۇتاھ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەنتەربىيە تارىخچىسى دېيۋىد لانت «تۇزكۆل مۇنبەر گېزىتى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا بۇ ھەقتە شۇنداق دېدى: «بۇ (يەنى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىشى) تارىختا ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەن. مېنىڭ نەزىرىمدە، خىتاي ئاسانلىقچە بۇ خىل بېسىمغا باش ئېگىدىغان دۆلەت ئەمەس. مەنچە، كىشىلەرنىڭ (بۇ ھەقتىكى) ئورتاق تونۇشى شۇكى، بايقۇتتىن ئاساسلىق زىيانغا ئۇچرايدىغىنى (ئولىمپىك ئۈچۈن) جاپالىق مەشىق قىلغان تەنھەرىكەتچىلەردۇر. يەنە كېلىپ، ئولىمپىك تۆت يىلدا ئاران بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۆپىنچە تەنھەرىكەتچىلەر ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن سەۋىيەسىنى پەقەت شۇنچىلىكلا داۋاملاشتۇرالايدۇ».

بۇنىڭدىن سىرت، دېرېك روبېرتسون (Derek Robertson) «Politico» ژۇرنىلى ئۈچۈن تەييارلىغان خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» تەنھەرىكەتچىلەرنى مەزكۇر ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلماستىن، بەلكى «قارا تەنلىكلەرنىڭ ھاياتىمۇ قىممەتلىكتۇر» ھەرىكىتىدىكىگە ئوخشاش، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ (ئولىمپىكتىن ئىبارەت) مەزكۇر سۇپا ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ (ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان) تونۇشىنى ئاشۇرۇشىنى ئۈمىد قىلغان.

لېكىن، بۇ خىل تەشەببۇسنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش تولىمۇ مۇشكۈل. بۇ جەھەتتە، «خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى» ۋە ئولىمپىكنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچى شىركەتلەر تەنھەرىكەتچىلەرگە تالاش-تارتىشتىن ساقلىنىش خۇسۇسىدا بېسىم ئىشلەتكەندىن سىرت، «خىتاي ئولىمپىك تەشكىلىي ھەيئىتى»نىڭ بىر ئەمەلدارىدىمۇ (ئولىمپىك جەريانىدا) خىتايغا تۈرلۈك شەكىللەردە ئېتىراز بىلدۈرگەن تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ «مۇئەييەن جازالارغا ئۇچرايدىغانلىقى» توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى. خىتاينىڭ كەسپىي تېنىس توپچىسى، سابىق ئولىمپىك ماھىرى پېڭ شۈەي بۇلتۇر كۈزدە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى (يەنى خىتاينىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى)نىڭ ئۆزىگە پوخورلۇق قىلغانلىقىنى توردا ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، بۇ ئىش ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغاندى (شۇ سەۋەبتىن، خىتاي تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئۆز تەسىرى ئارقىلىق غۇلغۇلا قوزغىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ).

ئۈچ ئېلىنىشتىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز ئىسمىنى يوشۇرغان، مەزكۇر ئولىمپىككە قاتنىشىدىغان بىر قار تېيىلىش تەنھەرىكەتچىسى «ياخۇ خەۋەرلىرى»گە شۇنداق دېگەن: «ئارىمىزدىكى نۇرغۇن تەنھەرىكەتچىلەر خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان)دىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن پەۋقۇلئاددە بىئارام بولدۇق. لېكىن، بىز ئۆزىمىزنىڭ زادى نېمە قىلالايدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. ئولىمپىكنىڭ قايسى دۆلەتتە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى تاللىغۇچى (بىز ئەمەس، بەلكى) خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىدۇر».

پۇلنىڭ كۈچى

مەزكۇر ئولىمپىكنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن 13 چوڭ شىركەت «خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى» بىلەن ئىمزالاشقان توختامنىڭ ئومۇمىي سوممىسى بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ. گەرچە پائالىيەتچىلەر «مەزكۇر شىركەتلەر ئولىمپىكنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشنى توختاتىسىكەن» دېگەن ئۈمىدتە ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما تا ھازىرغىچە بىرەر شىركەتمۇ ئۇنداق قىلمىدى. ھەتتا، شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۆت شىركەتلا «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ بۇ ھەقتە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب قايتۇردى.

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»دىكى ستىرېتېر (Streeter) شۇنداق دېگەن: «جورج فلويد ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ شىركەتلەر <ئادالەتنى ياقىلىغان> ۋە ئامېرىكادىكى ئىرقىي كەمسىتىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئايلارچە ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرگەندى. لېكىن، پارلامېنت ئەزالىرى ئامېرىكادىن ناھايىتى يىراقتىكى، ئەمما تولىمۇ كۆپ خېرىدار بار بىر دۆلەت (يەنى خىتاي) توغرىسىدا ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتكەندە، مەزكۇر شىركەتلەرنىڭ <ئادالەتنى ياقىلاش> جاسارىتى ئاللىقاياقلارغا يوقالدى».

بۇ جەھەتتە، تاراتقۇ شىركەتلىرىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى ھەم تەسىر كۈچى بار. مۇسابىقىلەرنى تارقىتىش بەدىلى «خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى»نىڭ كىرىمىنىڭ 73 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئامېرىكا «دۆلەتلىك تارقىتىش شىركىتى» (NBC) ئۆزىلا 2032-يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىكنىڭ تارقىتىش ھەققى ئۈچۈن «خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى»غا ئاللىقاچان يەتتە مىلياردا 750 مىليون دوللار تاپشۇرۇپ بولغان.

ئۇتاھ شىتاتىنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان كېڭەش پالاتا ئەزاسى مىت رومنېي (Mitt Romney) بۇ ھەقتە «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە شۇنداق دېدى: «ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىك بايقۇت ئۆز نۆۋىتىدە NBC بىلەن بولغان ھەمكارلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. NBC خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ زۇلمى ۋە ۋەھشىي جىنايەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشتا مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلدى. NBC مەزكۇر ئولىمپىكنىڭ ئېچىلىش ۋە يېپىلىش مۇراسىملىرىدىكى ئاشقۇن خىتاي ۋەتەنپەرۋەرلىكىگە ئالاقىدار ھەرقانداق ئاشقۇن ئېلېمېنتلارنى خەۋەر قىلماستىن، شۇنىڭ ئورنىغا خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئالاقىدار خەۋەرلەرنى بەرسە بولىدۇ».

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.nytimes.com/2022/02/08/opinion/olympics-beijing-uighurs.html



# ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان چوڭ شايكا

# ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان چوڭ شايكا

يېقىندا ۋاشىڭتوندىكى ئاقىللار ئامبىرى — «يېڭى لىنىيە ئىستراتېگىيە ۋە سىياسەت ئىنستىتۇتى» ئالېكساندىر رېيد روس بىلەن كورتنىي دوبسون تەرىپىدىن تەييارلانغان، ئۇيغۇرلار باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن شاپاشلاۋاتقان، خىتاي بىلەن، شۇنداقلا ئۆزئارا زىچ باغلىنىشى بار بولغان، پۇلدارلار ۋە تەتقىقاتچىلاردىن تەركىب تاپقان بىر شايكىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى دەلىللەر ئاساسىدا يورۇتۇپ بەرگەن بىر پارچە دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، مەزكۇر ماقالە ئاشۇ دوكلاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ھۆزۈرۇڭلارغا سۇنىدۇ.

«يېڭى لىنىيە ئىستراتېگىيە ۋە سىياسەت ئىنستىتۇتى»نىڭ نەچچە ئايلىق تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۆتكەن بەش يىلدا، 65 مىليون دوللارغا يېقىن پۇل خىتاي ھۆكۈمىتىنى ياقلايدىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى سۇسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان، ھەتتا تۈپتىن ئىنكار قىلغانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل تەشكىلاتلارغا ئېقىپ كىرگەن.

ھالبۇكى، بۇ پۇللار ئاساسەن باج كەچۈرۈم قىلىنىدىغان مەبلەغ فوندى ۋە خەير - ساخاۋەت ئورگانلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر مۇرەككەپ تور ئارقىلىق يۈرۈشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئاپپاراتلارنىڭ ھەممىسى رەھبەرلىك قاتلىمى ئارقىلىق بىرلا ئادەمگە، يەنى 67 ياشلىق ئامېرىكالىق پەن - تېخنىكا ماگناتى نېۋىلىي روي سىڭھامغا (Neville Roy Singham) مەركەزلىشىدۇ.

سىرلانغان كىلقلار بىلەن كۈبالىقلارنىڭ ئەۋلادى بولغان سىڭھام ئۆزىنىڭ بىرى خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن ئىدىئولوگىيە جەھەتتە يېقىنلىقىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل مۇناسىۋەتلەر سىڭھام 18 ياش ۋاقتىدا، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىدىيەسىنى ياقلايدىغان «قارا تەنلىك ئىنقىلابىي ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى»غا ئەزا بولغان ۋاقتلاردىلا باشلانغان.

كېيىن، ئۇ خوۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا چىكاگودىكى يەر ئاستى ئۆيىدە ئاساسلىقى ئەسلىھەلەرنى ئىجارىگە بېرىشكە تايىنىدىغان مەسلىھەتچىلىك شىركىتى قۇرۇش ئۈچۈن پالاقلاپ يۈرگەن. 1993 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇ ئۆز شىركىتىگە «Thoughtworks» دەپ ئىسىم قويۇپ، ئاساسلىقى «ئەپچىل» يۇمشاق دېتاللارنى ياساش بىلەن ھەپىلەشكەن.

بۇنىڭدىن سىرت، خىتايدىكى «Boss Zhipin» خىزمەتچى قوبۇل قىلىش سۇپىسىدىكى تونۇشتۇرۇشقا كۆرە، سىڭھام 2001 ـ يىلدىن 2008 ـ يىلغىچە خىتاينىڭ تېخنىكا ماگناتى بولغان خۇاۋېي شىركىتىدە ئىستراتېگىيە مەسلىھەتچىسى بولغان ۋە بۇ مەزگىلدە خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئەندىزىسىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ تۇرغان. ھەتتا، ئۇ 2008 ـ يىلى «بايلىق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى دېيۋىد پاترىكقا: «خىتاي دۇنياغا ‹ئەركىن بازارنىڭ تەڭششى بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلاش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش رېلىسلىق ئىقتىساد ئەندىزىسىنىڭ دۇنيانى تېخىمۇ ياخشىلايدىغانلىقى› توغرىسىدا تەلىم بېرىۋاتىدۇ» دېگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، «Thoughtworks» ئۆز تىجارىتىنى 17 دۆلەت ـ رايونغا كېڭەيتكەن ۋە شۇنداقلا، «Democracy Now»غا ئوخشاش «ھەقسىز» تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تاراتقۇلارغا بولغان قىزىقىشىنى ئىپادىلىگەن. سىڭھام باشچىلىقىدىكى مەزكۇر خىتايپەرەس شايكىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى قىلمىشلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ سىڭھام ئۈچۈن چوڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئاندىن، 2017 ـ يىلغا كەلگەندە، سىڭھام «Thoughtworks» شىركىتىنى ئاشكارىلانمىغان (ئەمما، نەچچە يۈز مىليون دوللار ئىكەنلىكى مۆلچەرلەنگەن) باھادا ئەنگلىيەدىكى شەخسىي پاي فوندى «Apax»قا سېتىۋېتىپ، شىركەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تەلتۆكۈس ئۈزگەن.

سىڭھامنىڭ ئايالى جودى ئېۋانس (Jodie Evans) «Code Pink» دېگەن ئاياللار تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇمۇ خىتاينىڭ سادىق ياقىلىغۇچىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ 2020 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا خاتىمە بېرىش» تېمىسىدىكى تور سۆھبەت يىغىنىدا شۇنداق دېگەن: «ئېنىقكى، ئامېرىكالىق سەرخىللار خىتاينىڭ غايەت زور ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيىتىدىن چۆچۈپ كېتىشتى. خىتاي ئامېرىكاغا ھەربىي جەھەتتىن تەھدىت سالغىنى يوق. ئەكسىچە، خىتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئامېرىكانىڭ دۇنياغا ئاتامانلىق قىلىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولدى».

ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىنى «‹قۇتقۇزۇۋالغۇسىز› دەرىجىدە ناچارلاشقان ئامېرىكانىڭ ‹گۇناھسىز› ۋە ‹قورشاۋدا قالغان› خىتايغا قاراتقان زومىگەرلىكى» دەپ تەبىرلەش شىمالىي ئامېرىكادىكى «جاھانگىرلىككە قارشى پائالىيەتچى»لەرنىڭ ئاساسلىق خىتاب تەرزىدۇر. ھالبۇكى، قارىماققا ئىدىئولوگىيەگە ئالاقىدارەدەك كۆرۈنىدىغان بۇ «مۇجادىلە»دە پۇلنىمۇ راۋۇرۇس تاپقىلى بولىدۇ.

سىڭھامنىڭ ئايالى ئېۋانس دەل مۇشۇ خىل «جاھانگىرلىككە قارشى پائالىيەتچى»لەرنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق قانااللاردىن بىرى بولمىش «خەلق ياردىمى فوندى»نىڭ (People’s Support Foundation) قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەزكۇر فوندنىڭ 163 مىليون 700 مىڭ دوللار مەبلىغى بار.

2017 ـ يىلى سىڭھامنىڭ قولىدا ئىشلىگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بىر يىلدەك قىلاتتى. يەنى سىڭھام «Thoughtworks» شىركىتىنى سېتىۋەتكەندىن كېيىن، مەزكۇر شىركەتنىڭ خادىملىرىمۇ بۇ شىركەتتىكى خىزمىتىنى تاشلاپ، «خەلق ياردىمى فوندى»غا يۆتكەلگەن. يەنە كېلىپ، تولىمۇ قولايلىق بولغىنى، «خەلق ياردىمى فوندى»نىڭ خىزمەت بىناسى «Thoughtworks» شىركىتىنىڭ بىناسىغا بەش مىنۇتلۇقلا يول ئىدى.

«يېڭى لىنىيە ئىنستىتۇتى» كۆزدىن كەچۈرگەن مالىيە دوكلاتىغا كۆرە، «خەلق ياردىمى فوندى» «Thoughtworks» شىركىتىنىڭ باش ئىستراتېگىيەچىسى چاد ۋاسىڭتوننىڭ (ۋاشىڭتون ئەمەس) ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان. يەنە كېلىپ، 2017 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە «خەلق ياردىمى فوندى»نىڭ باش مالىيە ۋە ئىجرائىيە ئەمەلدارى بولغان جېيسېن فېتچېر «Thoughtworks»نىڭ سابىق باش قانۇن مەسلىھەتچىسى ئىدى.

سىڭھامنىڭ ئايالى ئېۋانسنىڭ رەھبەرلىكىدىكى «Code Pink» 2020 ـ يىلى «خىتاي بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئەمەس» تېمىلىق ھەرىكەت قوزغىغان بولۇپ، مەزكۇر تەشكىلات بۇ ھەرىكەت جەريانىدا ئامېرىكىنى خىتايغا قارشى تەلتۆكۈس مادارىچىلىق تۇتۇمىدا بولۇشقا چاقىرغان. شۇنداقلا، «Code Pink»نىڭ تور بېتىدىكى «كۆپ ئۇچرايدىغان سوئاللار» قىسمىدا ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار مەزمۇن بار بولۇپ، بۇنىڭدا «بىز ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قارشى كۆپ قىرلىق ئۇرۇشىدىكى كوزىرغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمىز» دېيىلگەن. شۇنداقلا، مەزكۇر تور بەتتە ئۇلانمىسى بېرىلگەن، ئېۋانس بىلەن ئەنگلىيەلىك «تەتقىقاتچى» جون روس ئارىسىدىكى سۆھبەتكە ئالاقىدار بىر ۋىدىيودا، جون روس ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى «كۈلكىلىك» ۋە «تامامەن يالغان» دېگەن.

جون روس باشقا يەردە يەنە: «ئەگەر <كىشىلىك ھوقۇق> دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بويىچە ئېيتساق، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتىكى ئېپادىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشىدۇر» دېگەن.

بۇنىڭدىن سىرت، «خەلق ياردىمى فوندى»نىڭ ئاتالمىش «ئىئانە»لىرىنىڭ كۆپ قىسمى نيۇيوركتىكى «بىرلەشمە مەھەللە فوندى»غا بېرىلگەن بولۇپ، «خەلق ياردىمى فوندى»نىڭ 2019 ـ يىللىق باج دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇلار مەزكۇر فوندقا 6 مىليون 700 مىڭ دوللار پۇل بەرگەن. ئۆزىنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىجتىمائىي ئادالەت جەھەتتىكى مائارىپ ۋە تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش»نى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن «بىرلەشمە مەھەللە فوندى» سىڭھام قۇرغان «Thoughtworks»نىڭ گېرمانىيەدىكى تارماق شىركىتىنىڭ سابىق مەسئۇلى فرانزىسكا كلېيىنېر تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ.

شۇنداقلا، بىر قاتار مۇرەككەپ مەشغۇلاتلاردىن كېيىن، «خەلق ياردىمى فوندى»دىن «بىرلەشمە مەھەللە فوندى»غا ئىئانە قىلىنغان پۇللار يەنە مەزكۇر ئورگان بىلەن باغلىنىشلىق ئىككى ئاپپاراتقا تەقسىم قىلىنغان.

مەسىلەن، 2019 ـ يىلى «بىرلەشمە مەھەللە فوندى» «Tricontinental» ئىسىملىك تەشكىلاتقا 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى «ئىئانە قىلغان». ھالبۇكى، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رېنىتا پورتو بۇگنى دەل «بىرلەشمە مەھەللە فوندى»نىڭ مۇدىرى ۋە مالىيە مەسئۇلى ئىدى.

«Tricontinental»نىڭ قۇرغۇچىسى ۋىجاي پراشاد (Vijay Prashad) ئىلگىرى كوننېكتىكات شتاتىنىڭ خارتفورد شەھىرىدىكى «Trinity» ئىنىستىتۇتىنىڭ خەلقئارا تەتقىقات پروفېسسورى ئىدى. ئەمما، ئۇ 2017 ـ يىلى «Trinity» ئىنىستىتۇتىدىن ئىستېپا بەرگەن بولۇپ، ھازىر «خىتاي خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى» قارمىقىدىكى ئاقىللار ئامبىرى بولغان «چوڭياڭ پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئىنىستىتۇتى»نىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسىدۇر. پراشادنىڭ مەزكۇر ئىنىستىتۇتتىكى خىزمەتداشلىرىدىن بىرى يۇقىرىدا ئىسمى قەيت قىلىنغان، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى «تامامەن يالغان» دېگەن ئاتالمىش «تەتقىقاتچى» جون روسىتۇر.

پراشادنىڭ يازمىلىرىمۇ ئاساسلىقى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، قايتا تەربىيەلەش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ۋە مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىشتەك قەبىھ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە چاپان يېپىشقا مەركەزلەشكەن. مەسىلەن، 2021 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، پراشاد «Globetrotter» ناملىق بىر تەشكىلات ئۈچۈن ماقالە يازغان ۋە بۇ ماقالە كېيىن «ئاسىيا ۋاقىت گېزىتى» ۋە «خەلق تېز خەۋەرلەر گېزىتى»دا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قارشى ئۇچۇر ئۇرۇشى شىنجاڭدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولۇۋاتقانلىقىنىڭ <پاكىت>لىرىنى پەيدا قىلدى. <ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولۇۋاتىدۇ> دېگەن ھۆكۈم ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئامېرىكانىڭ (خىتايغا قارشى) دىپلوماتىك ۋە ئىقتىسادىي ئۇرۇش قىلىشىغا يول ئاچتى».

شۇنداقلا، پراشاد ئۆزىنىڭ «Globetrotter»دا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئىنكار قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەنە RJ ئېسكوۋ بىلەن «سائەت نۆلدە» ناملىق YouTube قانىلىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «كىشىلىك ھوقۇق كۆزەتكۈچىلىرىنىڭ <ئۇيغۇرلار ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ> دېيىشكە قانداق دەلىلى بار؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھېچبىر دەلىلى يوق» دېگەن.

ھالبۇكى، پراشادنىڭ «Tricontinental» شىركىتى 2018 ـ يىلىلا بېيجىڭنىڭ «نامەلۇم ساندىكى ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىش»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مەسىلىلىرى»نى «ئىنتايىن ئېغىر» دېگەن.

ئۇنداقتا، پراشادتىكى بۇ قەدەر زور ئۆزگىرىشكە زادى نېمە سەۋەب بولغان؟ بۇنىڭ جاۋابى يەنىلا «سىگنال» دېگەن ئىسىمغا مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، پراشاد ئۆزىنىڭ 2021 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى تۋىتېر يوللانمىسىدا سىگنالنى «ئەڭ قەدىناس دوستۇم» دېگەن. دېمەك، بۇ جەرياندا سىگنالنىڭ سالاھىيىتى، پراشادنى «خىتاي تەنقىدچىسى»دىن خىتاي كۈيچىسى»گە ئايلاندۇرغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس.

**خۇلاسىلىگەندە، نامىدا ئۆزىنىڭ «جاھانگىرلىككە قارشى» پائالىيەتچىلەر ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئامېرىكانىڭ خىتايغا قارشى تۇتۇمىغا جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ، خىتايدا زەررىچىلىك ئەيىب بارلىقىنىمۇ ئىنكار قىلىدىغان مەزكۇر شايكا سىڭھامدىن ئىبارەت نەچچە يۈز مىليون (ھەتتا مىليارد) دوللارلاپ مەبلەغكە ئىگە پۇلدارلاردىن ۋە پراشاد بىلەن جون روسقا ئوخشاش ۋىجدانىنى، ئاكادېمىك ئەخلاقىنى يوقاتقان ئاتالمىش تەتقىقاتچىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ گەۋدىلىك پائالىيىتى خىتاينىڭ ئەڭ ئېغىر جىنايىتى بولغان «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى»نى تۈپتىن ئىنكار قىلىش بولماقتا.**

ئىنگىلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://newlinesmag.com/reportage/the - big - business - of - uyghur - genocide - denial/



# مۇسۇلمان ئەللىرى ھەمدە ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ كويىدا ئەمەس

يەسمەن سەرخان

# مۇسۇلمان ئەللىرى ھېلىھەم ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ كويىدا ئەمەس

يەسمەن سەرخان

**2022 ـ يىلى 3 ـ فېۋرال**

**ئەتە بېيجىڭدا باشلىنىدىغان قىشلىق ئولىمپىكتا، «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ئىشنى قىلىش» دەيدىغان مۇسابىقە تۈرى يوق. ئەمما، بىز شۇنداق بىر تۈر بار دەپ پەرەز قىلىپ باقايلى. بۇ خىل ئەھۋالدا، بۇ تۈردىكى ئالتۇن مېدال تالاش ـ تارتىشسىز ھالدا، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە يەرلىك باشقا مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن، كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە شۇ سەۋەبلىك بېيجىڭدىكى قىشلىق ئولىمپىككە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتمىگەن، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا ۋە باشقا بىر قانچە دۆلەتكە بېرىلگەن بولاتتى. كۈمۈش مېدال ئاۋسترىيە، شۋېتسىيە ۋە گوللاندىيەگە ئوخشاش، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر ئولىمپىككە قاتناشماسلىقىغا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكنى ئەمەس، بەلكى خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەن دۆلەتلەرگە بېرىلگەن بولاتتى. مىس مېدال ئولىمپىكنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىشنى «پايدىسى يوق» دېگەن فرانسىيەدەك (بۇ ھەقتە، فرانسىيە پرېزىدېنتى ماكرون «(ئولىمپىكنى) يا تامامەن بايقۇت قىلىپ، تەنھەرىكەتچىلەرنىمۇ ئەۋەتمەسلىكىڭىز، يا بولمىسا كارغا كېلىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىشىڭىز كېرەك» دېگەنىدى، ت) دۆلەتلەرگە بېرىلگەن بولاتتى.**

**ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىگە كۆز يۇمغان، مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەر مۇكاپات سۇپىسىغىمۇ چىقالمىغان بولاتتى.**

**مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان زۇلۇملىرىغا سۈكۈت قىلىشى يېڭىلىق ئەمەس. كۆپ يىللاردىن بۇيان، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىران ۋە تۈركىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۆزلىرىنى دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھامىيسى دەپ قارايدىغان دۆلەتلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلمى مەسىلىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلدى. ھالبۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ يەردە ئەڭ كەمدە بىر مىليون ئۇيغۇرنى ۋە يەرلىك باشقا مۇسۇلمانلارنى «يىغىۋېلىش لاگېرلىرى»غا (بېيجىڭ دائىرىلىرى بۇنى «قايتا تەربىيەلەش مەركەزلىرى» دەپ ئاتايدۇ) سولىۋالغان، دەپ قارالماقتا. بۇ دۆلەتلەردىن بەزىلىرى ھەتتا ئۆز تېررىتورىيەسىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى**

زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى مۇقەررەر بولغان خىتايغا قايتۇرۇۋېتىش ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا يانتاياق بولدى.

ئولىمپىكنىڭ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خەلقئارا ئوبرازىنى پەردازلاپ، ھاكىمىيەتلەق تۈزۈلمىسىنى يوللۇقلاشتۇرۇشنى ئويلايدىغان خىتايدا ئۆتكۈزۈلۈشى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ سۈكۈتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. گەرچە بۇ دۆلەتلەر خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئۈچۈن باھانە تېپىپ بېرىدىغان، ھەتتا قوللايدىغان بىردىنبىر دۆلەتلەر بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىيلىكىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا رازىلىق بىلدۈرمەكتە.

ئەلۋەتتە، مۇسۇلمان دۇنياسىمۇ بىر گەۋدىلەشكەن ئەمەس. ئۇ بىر قانچە قىتئەدىكى، كۆپ خىل كۈلتۈر، تىل ۋە قىزىقىشقا ئىگە ئون نەچچە دۆلەتتىن تەركىب تاپقان. ھالبۇكى، مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەر ئۆز ئارىسىدىكى پەرقلەرگە قارىماستىن، گاھىدا بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا ئوخشاش ئىنكاس قايتۇرالايدۇ. مەسىلەن، ئىسرائىلىيەنىڭ پەلەستىنلىكلەرگە قىلغان زۇلمى، بېرمىدىكى روھىنگيا كرىزىسى، ياۋروپادا مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەجۋىي رەسىمىنىڭ سىزىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەردە گەپ قىلىشنى خالىمايدىغان مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ رەھبەرلىرىنى تېپىش قىيىن. لېكىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى كرىزىس ۋە خىتاينىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىنكاسى تەكشى ئەمەس. گەرچە، تۈركىيە بىلەن مالايسىيا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى بىر قانچە قېتىم سىپايىلىك بىلەن تەنقىدلەپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما سەئۇدىي ئەرەبىستان، پاكىستان، مىسىر ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ كۆپ مۇسۇلمان ئەللىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەتلىرىنى يەنىلا بار كۈچى بىلەن قوللاپ كەلمەكتە. شۇنداقلا، مەزكۇر تۆت دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى بېيجىڭدا باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئولىمپىكنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان دۆلەت رەھبەرلىرى تىزىملىكىدە بار.

مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىرى خىلمۇخىل بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنىڭ قىلمىشى تېخىمۇ بىردەكلىككە ئىگە. 2022-يىللىق قىشلىق ئولىمپىك ھارپىسىدا، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى پائالىيەتچىلەرنىڭ ۋە دىنىي رەھبەرلەرنىڭ مەزكۇر ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمىدى. ئىراقتىكى «يەر شارى ئىمامالار كېڭىشى»نىڭ باش مەسلىھەتچىسى ئىمام ئابدۇللاھ مۇئمىنى ماڭا ئېلخەت ئارقىلىق شۇنداق دېدى: ئىسلامىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، زالىملارنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك قوللاشقا بولمايدۇ. بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى زۇلۇم دەپ قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن، مۇشۇنداق مەۋقەدە بولدۇق.

مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قىسمىتىگە قەستەن كۆز يۇمۇۋېلىشى خىتاينىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان تەسىرىنىڭ دالالىتىدۇر. خىتاي مۇسۇلمانلار كۆپ

سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ـــ بولۇپمۇ پارس قولتۇقىدىكى ـــ دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم سودا شېرىكلىرىدىن، شۇنداقلا ئوتتۇرا شەرقتىن چىقىدىغان نېفىتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سېتىۋالغۇچىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي ئۆزىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى ئارقىلىق مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى ئۇل مۇئەسسەسە پروجېكتلىرىگە مىليارد دوللارلاپ مەبلەغ سالدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنداق قىلىش ئارقىلىق نوقۇل تەسىرگىلا ئەمەس، بەلكى (بۇ دۆلەتلەرنى ئۆز گېپىگە كىرگۈزىدىغان) نوپۇزغىمۇ ئېرىشتى.

بەلكىم بۇ خىل نوپۇزنى ھېچقايسى دۆلەتتە ھىندونېزىيەدىكىدەك ئېنىق ھېس قىلغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. گەرچە ھىندونېزىيە دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئەڭ كۆپ دۆلەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن زۇلۇمغا قارىتا ئەڭ قاتتىق سۈكۈت قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىن بىرىدۇر. ئۇيغۇرلارنى قوللايدىغان پائالىيەتچىلەر ھىندونېزىيەنىڭ بۇ خىل تۇتۇمىنى خىتاينىڭ بۇ دۆلەتكە سالغان مەبلىغى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەقەلەرنى ئۆزىنىڭ نۇقتىسىدىن تەشۋىق قىلىش جەھەتتىكى دىپلوماتىك ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ مەھسۇلى، دەپ قارايدۇ. جاكارتادىكى «Indonesia Save Uyghur» ھەرىكىتىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى بولغان ئېمىل (ئۇ ئۈچ ئېلىنىشتىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، ماڭا ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى ئاشكارىلىماستىن، ئىسمىنىلا قوللىنىشنى ئېيتتى). ماڭا «ھىندونېزىيە (بىر مەبلەغ، بىر يول تەشەببۇسىغا ئائىت) مەبلەغكە ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەنە شۇ ھىندونېزىيەنى سۈكۈت قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر» دېدى. ئۇنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ھىندونېزىيە خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان قوللىشى ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتىنى بۇ مەسىلىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشكە مەجبۇرلاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۇنىڭ ھەم خىتاينىڭ، ھەم ئۆزىنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىشنى توسۇپ قالالمىغان. 2020 ـ يىلى ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتى بېيجىڭنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، «تېرورلۇق» جىنايىتى سادىر قىلغان دەپ جىنايەت ئارتىلغان ئۈچ ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر بۇنىڭ «قايتۇرۇۋەتمەسلىك» (non ـ refoulement) پىرىنسىپىغا زىت ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتى. «قايتۇرۇۋەتمەسلىك» ـــ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇساپىرلارنى زىيانكەشلىككە ياكى قىيناشقا ئۇچرايدىغان جايلارغا قايتۇرۇشنى چەكلەيدىغان خەلقئارا قانۇن پىرىنسىپىدۇر.

ئەمىر مۇنداق دېدى: «بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھىندونېزىيە ئۇيغۇرلارنىڭ زىيانكەشلىككە تولۇق شېرىكتۇر. بۇ يەردە ھېچبىر ئۇيغۇر بىخەتەر ئەمەس».

ئوخشاش ھۆكۈم مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۈچۈن كۈچكە ئىگىدۇر. «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى» ۋە «ئوكسۇس ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرى جەمئىيىتى»نىڭ (OXUS) 2021 ـ يىلىدىكى دوكلاتىغا كۆرە، 2017 ـ يىلىدىن بۇيان، بىر قاتار دۆلەتلەردە، 700 گە يېقىن ئۇيغۇر (قايتۇرۇۋېتىش مەركىزى دېگەندەك جايلاردا) تۇتۇپ تۇرۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەردۇر. شۇنداقلا، بۇ تۇتۇپ تۇرۇلغانلارنىڭ ئىچىدىكى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى،

سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە مىسىردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كىشى خىتايغا قايتۇرۇۋېتىلگەن.

خىتاينىڭ دۇنيا مىقياسىدا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈۋاتقان ئوكسۇس جەمئىيىتىنىڭ تەتقىقات دىرېكتورى برادلېي جاردىن (Bradley Jardine) ماڭا مۇنداق دېدى: «مەنچە، مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەر شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىپلا قالماستىن، ھەتتا (بۇ جىنايەتلەردە) خىتاي بىلەن ئاكتىپ شېرىكلەشمەكتە». دۇنيادىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى ئەڭ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان تۈركىيەگە ئوخشاش بىخەتەر جايمۇ ئەمدىلىكتە ئۇنچە بىخەتەر بولماي قالدى. گەرچە تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەپ تايىپ ئەردوغان تۇنجى بولۇپ، (2009-يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن قەتلىئامغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»قا ئوخشاتقان كىشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى شۇنىڭدىن كېيىن خىتايغا قارىتا ماداراچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بېيجىڭ بىلەن ئەنقەرە ئوتتۇرىسىدىكى تېخى (تۈركىيە پارلامېنتىدا) تەستىقلانمىغان «ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى» تۈركىيەدىكى ئەللىك مىڭ ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچار قىلىشى مۇمكىن. ھەتتا، (زىننەتگۈل تۇرسۇنغا ئوخشاش) بەزى ئۇيغۇرلار ئاللىبۇرۇن خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلدى.

ئۇيغۇرلار بىلەن تىل ۋە كۈلتۈرەل ئورتاقلىققا ئىگە بولغان تۈركىيەنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خىتاينىڭ ئىچى-سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان زىيانكەشلىكلەرگە قارىتا، مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەردە كەڭ كۆلەملىك ئېتىرازلارنىڭ شەكىللەنمەسلىكىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئورتاق ئېتىقادتىن باشقا باغلىنىشى يوق. شۇنداقلا، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىران ۋە مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشايدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە خالىغانچە خىرىس قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشى مۇمكىن.

ئولىمپىك مەزگىلىدە جاكارتادا نامايىش ئۆتكۈزۈشنى پىلانلاۋاتقان «Indonesia Save Uyghur» ھەرىكىتىنىڭ ئەزاسى ئېمىل مۇنداق دېدى: «ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇسۇلمانلارنى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندۇرۇش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى». ئىستانبۇلدىكى «Score4Rights» ھەرىكىتىنىڭ پائالىيەتچىسى ئىدرىس ئاياسنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر تەشكىلات ئولىمپىك تەنھەرىكەتچىلىرىنى ئۇيغۇرلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقا ۋە قولنى ھىلال ئاي شەكلىدە كۆتۈرۈش ئارقىلىق، «ئۆزگىرىشكە بولغان ئۈمىد»نى ئىپادىلەشكە ئۈندەۋېتىپتۇ. ئاياسنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ پىكىر 1968-يىلدىكى مېكسىكا ئولىمپىكى مەزگىلىدە، 200 مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالتۇن ۋە مىس مېدال ئالغان ئامېرىكا تەنھەرىكەتچىلىرىدىن تومىي سىمىس ۋە جون كارلوسنىڭ (ھەر ئىككىلىسى قارا تەنلىك تەنھەرىكەتچىلەردۇر، ت) «قارا تەنلىكلەرنىڭ ھوقۇقى»غا (Black Power) ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىرىغا قارا پەلەي كىيىپ، مۇشتىنى تۈگۈپ ئاسمانغا قارىتىپ تۇرۇشىدىن ئىلھام ئالغانىكەن. خىتاي

**ئولىمپىك تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ بىر ۋەكىلى ئولىمپىك مەزگىلىدە مۇشۇ خىل شەكىللەردە ئېتىراز بىلدۈرگەن تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ «مۇئەييەن جازا»لارغا دۇچ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى.**

**مەن پاراڭلاشقان پائالىيەتچىلەر ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئولىمپىكنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىشنى (ئىرۋىنىڭ بۇنى «قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى» دېدى) قارشى ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى بولمىسا، بۇ نامايىشلارنىڭ كۈتۈلگىنىدەك رول ئوينىيالمايدىغانلىقىنى، مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ كوللېكتىپ ئاۋازىنىڭ زور تەسىر پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. «ئەگەر سەئۇدى ئەرەبىستان خىتاينى تەنقىدلىسە، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى تەسىرىنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇنىڭ تەسىرى تولىمۇ كۈچلۈك بولغان بولاتتى ؛ پاكىستانمۇ شۇنداق» دېدى ئوكسۇس جەمئىيىتىدىكى جاردىن. بۇ دۆلەتلەرنىڭ (خىتايغا قارشى) ئېنىق مەيداننى ئىپادىلىشىگە ئوچۇق بىر مەنپەئەت تۈرتكىسى يوق. شۇنداقلا، مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ كوللېكتىپ ساداسىنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان خەلقئارالىق ھەرىكەتمۇ يوق. ئەمما، مۇسۇلمان ئەللىرى ئىشتىراك قىلمىغان ئەھۋالدا، خىتايغا بېسىم ئىشلىتىش جەھەتتىكى غەربنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ھەر قانداق ئۇرۇنۇشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشەلىشى قىيىن.**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.theatlantic.com/international/archive/2022/02/muslim-countries-uyghurs-beijing-olympics/621461/



# 2022-يىلىدىكى خىتاينىڭ تەسىر كۈچى ۋە شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكى

# 2022 ـ يىلدىكى خىتاينىڭ تەسىر كۈچى ۋە شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكى

«دىپلومات» تورىنىڭ مۇخبىرى مېرسي كو بىلەن بېيجىڭدىكى «Trivium China» تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى ترېي ماكئارۋېر ئارىسىدىكى سۆھبەت

## شى جىنپىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 2022 ـ يىلىدىكى ئۈچ مۇھىم ئىش قايسىلار؟

2022 ـ يىلى شى جىنپىڭ ۋە خىتاينىڭ باشقا رەھبەرلىرى زېھنىنى يىل ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان 20 ـ قۇرۇلتايغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. شى جىنپىڭ ئالدى بىلەن، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم ئىش سۈپىتىدە، ئۆزىنىڭ پارتىيەنىڭ رەھبىرلىك ئورنىنى ساقلاشقا تىرىشىدۇ. گەرچە بۇ ئاساسەن كاپالەتكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما تېخىچە رەسمىي قارار چىقىرىلمىغانلىقى ئۈچۈن، شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ مۇھىم كۈنتەرتىپى يەنىلا ئۆز تەختىنى ساقلاپ قېلىشتۇر. ئىككىنچىدىن، شى جىنپىڭ مۇھىم ھوقۇقلۇق ئورۇنلارغا ئۆز يېقىنلىرىنى قويۇشقا ۋە شۇ ئارقىلىق ئۈچىنچى قېتىملىق ۋەزىپە مۇددىتى جەريانىدا، ئۆز كۈنتەرتىپلىرىنى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئەڭ زور چەككە يەتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. شى جىنپىڭنىڭ ئۈچىنچى مۇھىم ئىشى بۇ يىل خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە يامرىشى، ئىقتىسادىي ئېششىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئاستىلىشى ياكى ئىچكى مالىمانچىلىق دېگەندەك مۇقىمسىزلىقلارنىڭ كۆرۈلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتۇر. ئەگەر شى جىنپىڭنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ خىل كرىزىسلار يۈز بەرسە، بۇ شى جىنپىڭنىڭ (يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان) بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مۇھىم ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىقتىدارىنى خېلى بەكلا ئاجىزلىتىۋېتىشى مۇمكىن.

## شى جىنپىڭ خىتاينى يەر شارى مىقياسىدا تەسىر كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي رەھبەرلىكنىڭ مەركەزلىشىشىدىن قانداق پايدىلىنىدۇ؟

شى جىنپىڭنىڭ ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق ۋەزىپە مۇددىتىدىكى قىلمىشلىرى ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق (ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنكى) ۋەزىپە مۇددىتىدا نېمىلەرنى قىلىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا كۆڭۈلدىكىدەك يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شى جىنپىڭ «خىتاي دۇنيا سەھنىسىدە تېخىمۇ دادىل بولۇشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ دۆلەت ئىچىدە ھوقۇقنى مۇستەھكەملىشى ئۇنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە تېخىمۇ تەشەببۇسكار تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئەگەر شى جىنپىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيىدا ھوقۇقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىيەلىسە، كەلگۈسى بىر نەچچە يىلدا بۇ يۈزلىنىشنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىگە شاھىت بولىمىز.

**شى جىنپىڭنىڭ ھوقۇق مۇستەھكەملەش ئۇرۇنۇشىنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى ۋە بۇنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىغا ۋە ئۇنۇمدارلىقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بولسىڭىز.**

شۈبھىسىزكى، شى جىنپىڭنىڭ (ئاتالمىش) چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش مۇجادىلىسى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋەتتى. ئەمما كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، شى جىنپىڭ ۋە ئۇنىڭ سىياسىي پروگراممىسى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا، شۇنداقلا ئاۋام ئارىسىدا كەڭ قوللاشقا ئېرىشكەندەك قىلىدۇ. كەلگۈسى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە چوڭ كرىزىس ياكى باشقا مۇقىمسىزلىق ھادىسىلىرى كۆرۈلمىگەنلا تەقدىردە، شى جىنپىڭنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيىدا ئۆز ھوقۇقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىيەلىشىدە ئاساسەن شەك يوق.

شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىشتىياقلىرىدىن بىرى «خىتاي كومپارتىيەسىنى تېخىمۇ ئۈنۈمدار ھاكىمىيەت ئاپپاراتىغا ئايلاندۇرۇش»تۇر. ئۇ بۇنى رويابقا چىقىرىش ئۈچۈن، پارتىيەنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئىجرائاتىنى ياخشىلاش ۋە پارتىيە ـ دۆلەت بيۇروكراتىك قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. گەرچە بۇ ئىسلاھاتلار ھېلھەم مۇكەممەللىكتىن يىراق بولسىمۇ، ئەمما سىياسەتلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشىنى ۋە ئىجرائاتىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولدى. پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئون يىلدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا، بۇ ساھەلەرگە داۋاملىق كۈچەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

**شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىك پىلانىغا خىرىس قىلالايدىغان تۆت خىل ئۆزگىرىشچان ئامىل قايسىلار؟**

شى جىنپىڭنىڭ پىلانىغا كاشىلا تۇغدۇرالايدىغان تۆت ئىش:

1. كۈتۈلمىگەن كېسەللىك ياكى ئۆلۈم.

2. شى جىنپىڭنىڭ «خىتاي تېخىمۇ ئەۋزەل ھاكىمىيەت سىستېمىسىغا ئىگە» دېگەن دەۋاسىغا رەددىيە بېرەلەيدىغان كەڭ كۆلەملىك ۋە ئەجەللىك خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىنىڭ يامرىشى.

3. زور كۆلەملىك قالايمىقانچىلىقتا ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئىقتىسادىي كرىزىس.

4. شى جىنپىڭنىڭ ياكى ئۇنىڭ يېقىن ئىتتىپاقداشلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ئوبرازىنى ۋەيران قىلىدىغان سىياسىي سەتچىلىك.

**شى جىنپىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى كونتېرتىپنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، خىتاي ـ ئامېرىكا رىقابىتىدىن قانداق پايدىلىنىدۇ؟**

**شى جىنپىڭ ئىزچىل مۇشۇنداق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئۆتكەن تۆت يىلدا، ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكانىڭ «خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى توسۇش» ئىستىكىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى تەكىتلەپ كەلدى. شۇنداقلا، بۇنىڭ تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى ۋە بەدەل تۆلەشنى تەقەززا قىلىدىغان «ئۇزۇنغا سوزۇلغان خىرس» ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاندىن ئۇ مەزكۇر خىرسقا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى سۈپىتىدە، پارتىيەنى تازىلاش ۋە كۈچەيتىش، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىش، ئۈچۈرغا بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچى كۈن تەرتىپىنى بېكىتتى.**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://thediplomat.com/2022/01/outlook-chinas-influence-and-xi-jinpings-leadership-in-2022/



# باللار ساغلاملىقى توغرىسىدا زۆرۈر ساۋاتلار

# باللار ساغلاملىقى توغرىسىدا زۆرۈر ساۋاتلار

(دوكتور جىل سېلادى شۇلمان تەرىپىدىن يېزىلىپ، مېدىتسىنا پەنلىرى دوكتورى مىيا ئارمىسچراك تەرىپىدىن كۆرۈپ چىقىلغان)

ئەر ـ ئاياللارنىڭ «ئاتا ـ ئانا»لىق سالاھىيىتى پەرزەنتى دۇنياغا كۆز ئېچىشتىن ئىلگىرىلا باشلانغان بولىدۇ. باللارنى قانداق ئوزۇقلاندۇرۇشتىن تارتىپ، ئۇلارنى قانداق باشقۇرۇشقىچە، باللارنى پەرۋىش قىلىش ئۆز نۆۋىتىدە بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېلىدىغان تۈگىمەس تاللاش جەريانىدۇر.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ سالامەتلىكى توغرىسىدىكى قارارلىرى ئۇلارغا ئۆمۈر بويى تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قارارلار چوقۇم يېتەرلىك ئۇچۇر ۋە ئويلىنىش ئاساسىدا چىقىرىلىشى كېرەك. تۆۋەندە، بىز باللارنى پەرۋىش قىلىش خۇسۇسىدا ساغلام قارارلارنى چىقىرىش جەھەتتىكى بەزى تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

بوۋاقلارنىڭ ئانا سۈتى بىلەن يېتەرلىك مۇددەت ئوزۇقلىنىشىغا دىققەت قىلىڭ

بالا ئېمىتىش ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت رىشتىسىنى كۈچەيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر. ئانا سۈتىدە يەنە ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلار ۋە ئىممۇنىتېت ئامىللىرى مول بولۇپ، بالىڭىزنى باكتېرىيەلەرنىڭ زىيىنىدىن قوغدايدۇ.

ئامېرىكا دېھقانچىلىق مىنىستىرلىقى ۋە سەھىيە ـ ئاممىۋى مۇلازىمەت مىنىستىرلىقى ئامېرىكا پۇقرالىرىغا تارقاتقان ئەڭ يېڭى يېمەك ـ ئىچمەك كۆرسەتمىسىدە، بوۋاقلارنى دەسلەپكى ئالتە ئايدا نوقۇل ئانا سۈتى بىلەنلا بېقىش ھەمدە ئەڭ ئاز دېگەندە بىر يىل ئېمىتىش تەۋسىيە قىلىنغان. ئەگەر خالىسىڭىز بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق ئېمىتسىڭىز بولىدۇ.

بالىڭىزنىڭ تېرىسىنى ئاپتاپتىن ساقلاڭ

ياز ـــ باللار ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك پەسىل بولسىمۇ، ئەمما باللار يازدىكى ئاپتاپتىن ساقلىنىشى كېرەك. ئۇلترا بىنەپشە نۇر تېرىگە زىيان يەتكۈزىدۇ ۋە باللارنىڭ كېيىنچە تېرە راكىغا گىرىپتار بولۇش خەۋپىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

ئالتە ئايغا توشمىغان بوۋاقلارنى ئىمكانقەدەر بىۋاستە قۇياش نۇرىدىن قوغداش كېرەك. بالىڭىزنى ئىمكانقەدەر سايىدا تۇرغۇزۇشقا ئەھمىيەت بېرىڭ.

ئۇلارغا شلەپە، شۇنداقلا پۇت ـ قوللىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان يەڭگىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈش بۇ جەھەتتىكى ياخشى ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر.

بوۋاقلارنىڭ ئاسانلا قىزىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماڭ ۋە بالىڭىزدا سۇسىزلىنىش ئالامەتلىرى بار ـ يوقلۇقىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭ.

بالىڭىزغا ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىڭ.

بالىڭىزغا كىچىك ۋاقتىدا قانداق نەرسىلەرنى يېگۈزۈشىڭىز ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئوزۇقلۇق ئادىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، تەڭپۇڭسىز ئوزۇقلىنىش كېيىنچە سېمىزلىك، يۈرەك كېسىلى ۋە دىئابىت قاتارلىق ھەر خىل كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، يېمەكلىرىڭىزدە تۆۋەندىكىلەرنى ئاساس قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈڭ:

مېۋە ۋە كۆكتاتلار

دانلىق زىرائەتلەر

قارا گۆش

يېڭى بېلىق

ئۆي قۇشلىرى

2 ياشتىن كېيىن مايسىز ياكى تۆۋەن مايلىق سۈت مەھسۇلاتلىرى (1 ياشتىن 2 ياشقىچە بولغان باللار تولۇق مايلىق سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىشى كېرەك)

پۇرچاق ۋە يېشىل يوپۇرماقلىق كۆكتاتلارغا ئوخشاش مول تالالىق يېمەكلىكلەر.

تامامەن ياكى قىسمەن چەكلىنىش كېرەك بولغان يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن بەزىلىرى تەركىبىدە تۆۋەندىكى ماددىلار كۆپ بولغان يېمەك ـ ئىچمەكلەردۇر:

تويۇنغان ماي ياكى تەتۈر تىپلىق ماي (trans fats ــــ قاتتىق مايغا ئايلاندۇرۇلغان ئۆسۈملۈك مېيىنى ھىدروگېنلاش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان ماي بولۇپ، ئاساسلىقى سۈنئىي سېرىق ماي [مارگارىن] ۋە مايدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەردە ئىشلىتىلىدۇ)

ناتريي (تۇز)

شېكەر

پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كاربون سۇ بىرىكمىلىرى

بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەر كۈنى يەيدىغان يېمەكلىكلەردىن يېتەرلىك مىقداردا ۋىتامىن A، B، C، D لارنى، يەنى بارلىق تۈردىكى ۋىتامىنلارنى قوبۇل قىلالايدۇ. بالىلار ئادەتتە ھەر كۈنى كۆپ خىل ۋىتامىننى قوبۇل قىلىشقا موھتاج ئەمەس. ئەگەر بۇ جەھەتتە ئەندىشىڭىز بولسا، بالىلار دوختۇرى بىلەن بالىڭىزنىڭ كۈندە كۆپ خىل ۋىتامىنلارنى قوبۇل قىلىش ئېھتىياجى توغرىسىدا سۆزلىشىپ باقسىڭىز بولىدۇ.

2021 ـ يىلدىكى بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئادىتى بىلەن ئۇلاردىكى روھىي ساغلاملىق ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تەتقىق قىلىنغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلار 8823 نەپەر بالىغا ئائىت سانلىق مەلۇماتلارنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، مېۋە ـ چېۋە ۋە كۆكتاتلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىشنىڭ روھىي ساغلاملىقنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلايدىغانلىقنى بايقىغان.

بالىڭىزنى تاماققا زورلاۋەرمەڭ

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى تاكى تامىقىنى پاكىز يەپ تۈگەتمىگۈچە ئۇلارنىڭ تاماق ئۈستىلىدىن ئايرىلىشىغا يول قويماسلىقى ئاتا ـ ئانىلىق مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىسى بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقەت شۇكى، بالىلار ئۆزىنىڭ قاچان تويغانلىقىنى ۋە يېيىشنى توختىتىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ.

بالىلار «ئەمدى يېگۈم يوق» دېگەن ۋاقىتتا، چوقۇم (ئاتا ـ ئانىلارنىڭ گۇمانىدىكىدەك) كۆكتات يېيىشتىن قېچىۋاتقان بولۇشى ناتايىن. ئەكسىچە، بۇ چاغدا بەدىنى ئۇلارغا يېگەن نەرسىلىرىنىڭ يېتەرلىك بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولىدۇ. ھەددىدىن زىيادە كۆپ يېيىش بولسا سېمىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بالىڭىز بەزى يېمەكلىكلەرنى تۇنجى قېتىم يېگەندە ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، ئۇلارنىڭ شۇ يېمەكلىكلەرگە بولغان ئىشتىھاسى يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىشى مۇمكىن. سىزمۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ياقتۇرۇپ يەۋاتقان بەزى يېمەكلىكلەرنى كىچىك ۋاقتىڭىزدا ياقتۇرمايدىغانلىقىڭىزنى ئەسلىيەلەيسىز ھەقاچان.

ئەگەر بالىڭىز تاماق تاللىسا، تۆۋەندىكىدەك تاكتىكىلارنى ئىشلىتىپ ئۇلارنى يېڭى يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە قىزىقتۇرۇپ بېقىڭ:

سەبىرچان بولۇڭ. بالىڭىز بىر قانچە قېتىملىغان ئۇرۇنۇشلاردىن كېيىن، ئاندىن يېڭى يېمەكلىكلەرگە كۆنەلىشى مۇمكىن. شۇنىمۇ ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، بالىڭىزنىڭ مۇئەييەن يېمەكلىكلەرنى ياخشى كۆرۈشى ياكى ئۆچ كۆرۈشى ئۆزگىرىشچان. بالىڭىزنىڭ يېمەكلىكلەرنى يېڭى يېمەكلىكلەرنىڭ ئارىلاشتۇرمىسىنى ياخشى كۆرمەسلىكى قاتارلىق قىلمىشلىرى تامامەن نورمالدۇر.

تەخىر قىلىڭ. ئەگەر بالىڭىزنىڭ يېڭى يېمەكلىكلەرنى يېگۈسى بولمىسا، ئۇنى زورلىماڭ. بالىغا شۇ يېمەكلىكلەرنى تەكرار تەڭلەشتىن ئىلگىرى، بىر قانچە كۈن ساقلاڭ.

يېڭى يېمەكلىكلەرنى بالىڭىز ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغان نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ بېرىڭ.

بالىغا تاللاش ئىمكانىيىتى بېرىڭ. بالىڭىزغا ئوزۇقلۇق قىممىتى ئوخشاش بولغان بىر قانچە خىل يېمەكلىكلەردىن بىرسىنى تاللىغۇزۇڭ. ئۇ ئۆزى خالىغىنىنى تاللىسۇن.

يېمەكلىكلەرنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاقلىقى، قويۇق ـ سۇيۇقلۇقى جەھەتلەردە خىلمۇخىل بولۇشىغا دىققەت قىلىڭ. بالىڭىزغا قىيام ھالىتىدىكى ياكى توغرالغان يېمەكلىكلەرگە ئوخشاش پەرقلىق ھالەتتىكى يېمەكلىكلەرنى بېرىشمۇ ياخشى تاللاشتۇر. لېكىن، شۇنىمۇ ئۇنۇتماڭكى، بالىلارنىڭ (قاتتىق، يۇمشاق دېگەندەك) بەزى ھالەتتىكى يېمەكلىكلەرنى ياقتۇرماسلىقىمۇ تامامەن نورمال ئەھۋال.

ئۇلارنى ھەرىكەت قىلغۇزۇڭ

كېسەللىكلەرنى تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ (CDC) بىلدۈرۈشىچە، ئامېرىكىدىكى بالىلاردىكى سېمىزلىك نىسبىتى 1970 ـ يىللاردىكىدىن ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان. 2015 ـ يىلىدىن 2016 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 6 ياشتىن 19 ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىدە سېمىزلىك كېسىلى (يەنى بىنورمال سېمىزلىك) بار ئىكەن.

پائال رەۋىشتە جىسمانىي ھەرىكەت قىلىش بالىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ بىر ئۆمۈرلۈك ساغلاملىققا ئاساس سالىدۇ.

بالىلارغا تەۋسىيە قىلىنىدىغان ھەرىكەتنىڭ مىقدارى ۋە تۈرلىرى ئۇلارنىڭ يېشىغا كۆرە پەرقلىق بولىدۇ. سەھىيە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت مىنىستىرلىقىدىكى ئاممىۋى ساغلاملىق مۇتەخەسسىسلىرى بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان:

3 ياشتىن 5 ياشقىچە بولغان بالىلار

بۇ ياش باسقۇچىدىكى بالىلارنى كۈن بويى ئوخشىمىغان سالماقتىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

كۈنىگە ئۈچ سائەت ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىش كۆڭۈلدىكىدەك نىشاندۇر. ئويلىشىشقا ئەرزىيدىغان پائالىيەتلەردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

باشقا بالىلار بىلەن ئىختىيارى ھالدا ئويناش

ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىت مىنىش

توپ ئېتىش ۋە تۇتۇش

بىر پۇتلاپ تاقلاش، سەكرەش ياكى دومىلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پائالىيەتلەر

6 ياشتىن 17 ياشقىچە بولغان بالىلار

بۇ ياش باسقۇچىدىكى بالىلار ھەر كۈنى 60 مىنۇت ئوتتۇراھال ـ كۈچلۈك سالماقتا جىسمانىي ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

شۇنداقلا، بۇ پائالىيەتلەرمۇ ئوخشىمىغان تىپتىكى چېنىقىش تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك، مەسىلەن:

ئوكسىگېنلىق ھەرىكەت. بۇ يۈگۈرۈش، سۇ ئۈزۈش، پۇتبول ۋە ۋاسكېتبول قاتارلىق تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەپتىدە كەم دېگەندە ئۈچ كۈن 60 مىنۇتتىن ئوكسىگېنلىق ھەرىكەت قىلىش كۆڭۈلدىكىدەك نىشاندۇر.

مۇسكۇل كۈچەيتىش ھەرىكەتلىرى. بۇ يامىشىش، تەنھەرىكەت مەيدانىدا ئويناش ياكى (قۇرامىغا يەتكەنلەر ئۈچۈن) ئېغىرلىق كۆتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ياشتىكى بالىلار ھەپتىدە كەم دېگەندە ئۈچ كۈن مۇسكۇل كۈچەش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

سۆڭەكنى كۈچەيتىش ھەرىكەتلىرى. بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوكسىگېنلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭغا يۈگۈرۈش، ۋاسكېتبول ۋە ئارغامچا تاقلاش قاتارلىقلارنى مىسال كۆرسىتىش مۇمكىن. سۆڭەكنى كۈچەيتىش ھەرىكەتلىرىنىمۇ ھەپتىدە كەم دېگەندە ئۈچ كۈن قىلىنىڭ.

بالىڭىزنىڭ چىش ساغلاملىقىغا دىققەت قىلىڭ

چىشىنىڭ چىرىشى (بىزنىڭ تىلىمىزدا «چىشىنى قۇرت يېيىشى») باللاردا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان سوزۇلما كېسەللىكلەرنىڭ بىرىدۇر. چىشىنىڭ چىرىشى بالىنى بىئارام قىلىپ، ئازابلىغاندىن سىرت، ئۇنىڭ سۆزلەش، يېيىش ۋە ئۆگىنىش ئىقتىدارىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

فتورىدلار كىچىك باللاردىكى چىش چىرىش مەسىلىسىنى تۆگىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بالىڭىزنىڭ چىشىنى فتورلۇق چىش پاستىسى بىلەن كۈندە ئىككى قېتىم چوتكىلاشقا ئادەتلىنىڭ.

بالىڭىزغا قول يۇيۇشنى ئۆگىتىڭ

قولنى توغرا شەكىلدە يۇيۇش كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر. شۇڭلاشقا، بالىڭىزغا قولنى قاچان ۋە قانداق يۇيۇشنى ئۆگىتىشىڭىز زۆرۈر.

بالىڭىز قولنى يۇمىسا بولمايدىغان ئەھۋاللاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

هاجەتخانىغا كىرىپ چىققاندىن كېيىن

مىشقىرغاندىن، يۆتەلگەندىن ياكى چۈشكۈرگەندىن كېيىن

ئوينىغاندىن ياكى تالادىن كىرگەندىن كېيىن

تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن

(مۈشۈك دېگەندەك) هايۋانلارنى تۇتقان ياكى ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن.

بالىنىڭ ئۇيقۇ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىڭ

ياخشى ئۇخلاش ھەممە ئادەم ئۈچۈن مۇھىم، ئەمما بۇ باللارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم. هالبۇكى، مۆلچەرلىنىشىچە، ئامېرىكادىكى باللارنىڭ يېرىمىغا يېقىنىنىڭ ئۇيقۇسىدا مەسىلە بار ئىكەن.

ئۇيقۇنىڭ ياخشى بولماسلىقى باللارنىڭ سالامەتلىكىگە تۈرلۈك سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

قىلمىش مەسىلىلىرى

زېھنىنى مەركەزلەشتۈرەلمەسلىك

تىت ـ تىتلىق ياكى چۈشكۈنلۈك قاتارلىق روھىي ساغلاملىق مەسىلىلىرى

ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ زەئىپلىشىشى

دىئابىت كېسەلى ياكى سېمىزلىك قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىنىڭ كۆچىيىشى

**ۋەقەگە ئۇچراش ياكى يارىلىنىش خەۋپىنىڭ كۆچىيىشى**

**ئامېرىكا ئۇيقۇ مېدىتسىناسى ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان قوللانمىدا، 4 ئايدىن 18 ياشقىچە بولغان باللارنىڭ ھەر 24 سائەتتىكى مۇۋاپىق ئۇخلاش ۋاقتى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىلگەن:**

**4 ئايدىن 12 ئايغىچە: 12 ~ 16 سائەت**

**1 ياشتىن 2 ياشقىچە: 11 ~ 14 سائەت**

**3 ياشتىن 5 ياشقىچە: 10 ~ 13 سائەت**

**6 ياشتىن 12 ياشقىچە: 9 ~ 12 سائەت**

**13 ياشتىن 18 ياشقىچە: 8 ~ 10 سائەت**

**تۆۋەندىكى كۆرسەتمىلەرگە رىئايە قىلسىڭىز، بالىڭىز ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك ئۇخلاش مۇھىتى يارىتىپ بېرەلەيسىز:**

**ئۇخلاش ۋاقتىنى بېكىتىش ھەمدە ئۇنىڭغا ئىمكانقەدەر ئىزچىل رىئايە قىلىش.**

**بالىڭىزغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش دېگەندەك، ئۇنىڭ ئۇيقۇغا كىرىشنى تېزلىتىدىغان ئىشلارنى ھەركۈنى داۋاملاشتۇرۇڭ.**

**بالىڭىزنىڭ ياتىقىنىڭ قاراڭغۇ، جىمجىت، شۇنداقلا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئازادە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش.**

**بالىڭىزنىڭ ئۇخلاشتىن ئىلگىرى جىددىي ھەرىكەت قىلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش.**

**ئاخشىمى بالىڭىزغا قەنت ياكى كوفېئىن مىقدارى يۇقىرى يېمەك - ئىچمەكلەرنى بەرمەڭ.**

**بالىڭىز ئۈچۈن («كەچ سائەت توققۇزدىن كېيىن يانفون ئىشلىتىشكە بولمايدۇ» دېگەندەك) يانفون، كومپيۇتېر قاتارلىق ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتىشنى قەتئىي توختىتىدىغان ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىڭ.**

**بالىڭىزنىڭ ھېسسىي ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈڭ**

روھىي ساغلاملىق چوڭلار ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم بولسا، باللار ئۈچۈنمۇ شۇنچە مۇھىمدۇر. روھىي ساغلاملىق ئەھۋالى ياخشى باللار ئۆيىدە، مەكتەپتە ۋە ئىجتىمائىي سورۇنلاردا ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ.

باللارنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا كىچىكىدىن باشلاپ ئەھمىيەت بېرىش تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى، تىت ـ تىتلىق ۋە چۈشكۈنلۈك قاتارلىق نۇرغۇن روھىي بىنورماللىقلار باللىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا باشلىنىشى مۇمكىن.

كېسەللىكلەرنى تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، 2016 ـ يىلى، ئىككى ياشتىن سەككىز ياشقىچە بولغان ئامېرىكالىق باللارنىڭ 17.4 پىرسەنتىدە كەم دېگەندە بىر تۈرلۈك روھىي، قىلمىش خاراكتېرلىك ۋە يېتىلىش جەھەتتىكى بىنورماللىق كۆرۈلگەن.

بالىڭىزنىڭ روھىي ساغلاملىقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىشنى تۆۋەندىكى چارىلەرنى قوللىنىشتىن باشلىسىڭىز بولىدۇ:

بالىڭىز بىلەن ھېسسىيات ھەققىدە پاراڭلىشىڭ. بالىڭىز بىلەن ھېسسىيات توغرىسىدا پاراڭلىشىشتىن قورقماڭ. بۇ بالىڭىزنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىپلا قالماي، باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىشىگىمۇ ياردەم بېرىدۇ. شۇنداقلا، بۇ يەنە ئوچۇق ـ يورۇق، سەمىمىي پاراڭلىشىشقا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.

پاسسىپلىقتىن ساقلىنىڭ. دەرۋەقە، بالا بېقىش بەزىدە كىشىنى ھالسىرىتىۋېتىدۇ، شۇنداقتىمۇ يەنىلا مەسخىرە، شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىش ياكى تەھدىت سېلىش تۈرىدىكى سەلبىي گەپلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىڭ.

بالىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىڭ. بالىڭىز يېڭى پەللىگە يۈكسەلگەندە، مەكتەپتە ياكى دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەردە بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغاندا، ئۇلارنى ماختاشنى ئۇنتۇماڭ.

مۇۋاپىق نىشان بېكىتىش توغرىسىدا كاللا قاتۇرۇڭ. بالىڭىز ئۈچۈن رېئال نىشان بېكىتىشكە تىرىشىڭ. باللارنىڭ قابىلىيىتىگە ۋە ئارزۇسىغا ماس كەلمەيدىغان نىشان بېكىتىش ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

بالىنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇڭ. بالىڭىزنى ھەر ۋاقىت ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ. شۇنداقلا، بالىڭىز يېڭى پائالىيەتلەرگە ياكى يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىنى ئىپادىلىگەندە، ئۇنى قوللاڭ.

سجىل ئىنتىزامچانلىقتا كاپالەتلىك قىلىڭ. بالىڭىزنىڭ قايسى ئىشلارنى قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمۇ ئىنتايىن زۆرۈر. لېكىن، بالىڭىزنى باشقۇرغاندا، بېكىتكەن قائىدىلىرىڭىزنىڭ ھەم ئادىل، ھەم سجىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

بالىڭىزغا ھەمراھ تېپىپ بېرىڭ. يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بىرگە ئوينىغان ۋاقىتلىرى – كەلدى قىلىش بالىڭىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، بالىڭىزدىكى روھىي ساغلاملىق مەسىلىلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئالامەتلىرىنىمۇ بايقىشىڭىزمۇ پەۋقۇلئاددە مۇھىم. بۇ جەھەتتە، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئالامەتلەردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

بالىنىڭ مەكتەپتىكى ياكى دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەردىكى ئىپادىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىشى

تىتىلداش، سەپرالىق ياكى دائىم خۇيلىنىش

باشقا باللار بىلەن ئويناش ئىستىكىنىڭ تۆۋەنلىشى

ئىلگىرى ئۆزىنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلارغا قىزىقماس بولۇپ قېلىش

ياخشى ئۇخلىيالماسلىق ياكى دائىم قارا بېسىش

روھسىزلىق

ئىشتىھاسىنىڭ تۇتۇلۇشى

ئەگەر بالىڭىزنىڭ روھىي ساغلاملىقىدىن ئەنسىرەۋاتقان بولسىڭىز، بالىڭىز دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان (مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دېگەندەك) كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشنىڭ پايدىسى بولۇشى مۇمكىن.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.healthline.com/health/childrens - health



# ختاي ئافغانستاندا:

# ختاي تالبان بلەن قانداق مۇئامله قلشۋاتدۇ؟

## خىتاي ئافغانىستاندا: خىتاي تالىبان بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشىۋاتىدۇ؟

**«دىپلومات» تورىنىڭ مۇخبىرى مېرسىي كو بىلەن سىنگاپور دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى جەنۇبىي ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى كلاۋدىيا چىيا ئارىسىدىكى سۆھبەت**

### ئامېرىكا ئافغانىستاندىن قوشۇن چېكىندۈرگەندىن كېيىن، خىتاينىڭ ئافغانىستانغا قول تىقىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن بولسىڭىز.

تالىبان ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، خىتاي ئافغانىستانغا (200 مىليون خىتاي پۇلى قىممىتىدە) جىددىي ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان تۇنجى دۆلەت بولۇپ قالدى. ئىنسانپەرۋەرلىك كرىزىسى ۋە ئىقتىسادىي يىمىرىلىشقا دۇچ كەلگەن تالىبانمۇ خىتاينىڭ ئۆزلىرىگە يېمەكلىك ۋە داۋالاش ئەشيالىرى بېرىشىنى قارشى ئالدى. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي يېقىندا ئافغانىستان ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ خىزمەت بىناسىنى سېلىشقا مەبلەغ سالدى. شۇنداقلا، خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئافغانىستاننى زىيارەت قىلىپ، كان ئېچىش پۇرسەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

خىتاي ئىنچىل ھالدا تالىبان ھۆكۈمىتى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىنى ساقلاپ كەلدى، ئىككى تەرەپ قوش تەرەپلىك ۋە خەلقئارالىق نۇرغۇن سورۇنلاردا ئۇچرىشىپ، ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىشتى. خىتاي يەنە پائال ھالدا رايونلۇق ھۆكۈمەتلەر ۋە خەلقئارا چوڭ كۈچلەر بىلەن ئافغانىستان ھەققىدە ھەر خىل خەلقئارالىق، كۆپ تەرەپلىك ۋە قوش تەرەپلىك سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزدى. تالىبان خىتاينى زور ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە مۇھىم شېرىك دەپ قارايدۇ، خىتايمۇ داۋاملىق تۈردە ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك شېرىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

### خىتاي تالىبان ھۆكۈمىتىگە قانداق ئۇسۇللار بىلەن ياردەم بېرىۋاتىدۇ؟ ئەگەر خىتاينىڭ ئافغانىستاندا ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتى بار بولسا، ئۇ زادى نېمە؟

نۆۋەتتە خىتاينىڭ تالىبانغا بەرگەن ئاساسلىق ياردىمى ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەملىرى ۋە COVID ـ 19 ۋاكسىنىسى ئىئانە قىلىشتىن ئىبارەت. دىپلوماتىيە جەھەتتە، خىتاي ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇش جەھەتتە خەلقئارانىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇ خەلقئارا جەمئىيەتنى ئافغانىستانغا قارىتىلغان جازالارنى بىكار قىلىشقا ۋە ئافغانىستاننىڭ چەت ئەلدىكى توڭلىتىلغان مۈلۈكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چاقىردى. شۇنىڭغا ماس ھالدا، خىتاي يەنە رايوندىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، غەرب ئەللىرىنى تالىبان بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ۋە ئافغانىستانغا ياردەم بېرىشكە چاقىردى.

بېيجىڭنىڭ ئافغانىستاندىكى مەنپەئەتى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىسى ئۆزىنىڭ غەربىي چېگراسىنىڭ، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پاكىستاندىكى «بىر بەلباغ، بىر يول» پروجېكتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتۇر. ختاي دائىرىلىرى تېرورىزم، بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسلىيەتچىلىكتىن ئىبارەت «ئۈچ خىل كۈچ»نى ئۆزىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە قارىتىلغان تەھدىت دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا، ئۇ ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا تالىبانىنى (ختاينىڭ نەزىرىدىكى) تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى بىلەن، بولۇپمۇ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ۋە «ئىسلام دۆلىتى» بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە ئۈندىدى. ختاي يەنە چېگرا ھالقىغان «تېرورلۇق»نىڭ ۋە «رادىكاللىق»نىڭ شەرقىي تۈركىستانغا يامرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، تالىبانىنى بۇ كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلغۇزماقچى بولدى.

ئىككىنچىسى، ختاي ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن رايوندا كۆڭۈلدىكىدەك بىخەتەرلىك ئەندىزىسىگە موھتاج. ختاي 2013-يىلىدىن باشلاپ، «ختاي-ئوتتۇرا ئاسىيا-غەربىي ئاسىيا ئىقتىسادىي كارىدورى» ۋە «ختاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پاكىستانغا كۆپلەپ مەبلەغ سالدى. ئافغانىستاننى چۆرىدىگەن بۇ مەبلەغلەر ختاينىڭ مەركۈر رايوندىكى يۈز بەرگۈسى توقۇنۇشلاردىكى ئاجىزلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى. ختاي دائىرىلىرى قوراللىق ئۇنسۇرلارنىڭ (ئافغانىستان ۋە ئەتراپ رايونلاردىكى) ختاي خادىملىرىغا ۋە پروجېكتلىرىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئافغانىستاننىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملاشسا، بىخەتەرلىك تەھدىتى ئازىيىپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ياخشىلىنىدۇ-دە، ختاينىڭ ئۆز ئىقتىسادىي نىشانىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق شارائىت ھازىرلىنىدۇ.

## ختاينىڭ ئافغانىستاندا لىتىي ۋە مىس كانلىرىنى ئېچىشقا بولغان قىزىقىشىنى تەھلىل قىلىپ بېرەلەمسىز.

ختاي 2000-يىللاردىن باشلاپلا، ئافغانىستاننىڭ كانچىلىق ساھەسىگە بولغان قىزىقىشىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مۇناسىۋەتلىك پروجېكتلار مۈشكۈلاتقا تولغاندى. 2008-يىلى «ختاي مېتاللورگىيە گۇرۇھى»غا ئوتتۇز يىللىق ئىجارىگە بېرىلگەن «مىس ئايناك» (پۇشتۇچە «مىس عینک»، «كىچىك مىس كېنى» دېگەن مەنىدە، ت) مىس كېنى بۇ جەھەتتىكى ھەممىگە مەلۇملۇق ئۆرنەكتۇر. بۇ پروجېكت بىخەتەرلىك ئەندىشىسى ۋە بۇ رايوندىكى قەدىمىي بۇددا دىنىي خارابىلىرىنى قوغداشقا ئالاقىدار ئەندىشىلەر سەۋەبىدىن توختىتىۋېتىلگەندى. بۇ پروجېكتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھېلىھەم نائېنىق.

ئافغانىستاننىڭ تېخىچە ئېچىلمىغان تەبىئىي بايلىقلىرى ئېنېرگىيە ۋە ئاساسلىق تاۋارلارغا بولغان ئېچكى ئېھتىياج بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ختايغا نىسبەتەن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. ھالبۇكى، ختاي كانچىلىق شىركەتلىرىنىڭ ئافغانىستانغا كىرىشىنىڭ ئۈزۈلۈپ سوزۇلىدىغان جەريان ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئالدى

بىلەن بىخەتەرلىك كاپالىتى ۋە مۇۋاپىق ئۇل مۇئەسسە قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللارنىڭ ھازىرلىنىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

گەرچە تالىبان يېقىندا ئۆزلىرىنىڭ خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما ئافغانىستاندا يەنىلا خىتاينىڭ مەنپەئەتىنى تەھدىتكە ئۇچرىتىدىغان، تالىبان بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان باشقا قوراللىق ئۇنسۇرلار ۋە پائالىيەتلەر مەۋجۇت بولغاچقا، (خىتاي دۇچ كەلگەن) بىخەتەرلىك تەھدىتى يەنىلا يۇقىرى. بۇلتۇر 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا، «خۇراسان ئىسلام دۆلىتى» ئۆزلىرىنىڭ قۇندۇز شەھىرىدىكى بىر مەسجىدكە قىلغان ئادەمبومبا ھۇجۇمىنى تالىباننىڭ خىتاي بىلەن بولغان قويۇق ھەمكارلىقىغا قارىتىلغان ئۇچ ئېلىش قىلمىشى، دەپ جاكارلىدى. چۈنكى، «خۇراسان ئىسلام دۆلىتى» خىتاينى ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى.

خىتاينىڭ پروجېكتلىرى ۋە خادىملىرىنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولمىغۇچە، خىتاي شىركەتلىرى ئافغانىستاندا سودا قىلىشقا ئالدىرىماسلىقى مۇمكىن.

## تالىبان خىتاينىڭ مەبلىغىنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايدۇ؟

(خىتاينىڭ بۇ ھەقتىكى داۋرىڭىدىن قارىغاندا) تالىبان (خىتاي مەبلىغىنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن) ئۆزلىرىنىڭ «تېرورلۇق» تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۆزگەنلىكىنى ئىسپاتلىشى كېرەك. يەنە بىر تۈرتكىلىك تەدبىر بولسا زەھەر ئەتكەسچىلىكىنى ئازايتىشتۇر. تالىباننىڭ زەھەرلىك چېكىملىك كىرىمگە تايىنىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ (ئۇلار ئۈچۈن) ئېغىر سىناق بولۇشى مۇمكىن.

تالىبان پاكىستاندىن ئۆرنەك ئېلىپ، خىتاي شىركەتلىرى ۋە خادىملىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئالاھىدە بىخەتەرلىك قىسىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ. يەنە بىر تاللاش شۇكى، خىتاي شىركەتلىرى ئاللىقاچان بۇ رايوندا تىجارەت باشلاپ بولغان خىتاي خۇسۇسىي بىخەتەرلىك شىركەتلىرىدىن بىخەتەرلىك خادىملىرىنى ياللاپ ئىشلەتسە بولىدۇ. ئەگەر بۇ خۇسۇسىي بىخەتەرلىك شىركەتلىرى ئافغانىستانغا كىرسە، ئۇلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان يوشۇرۇن باغلىنىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە خىتاينىڭ ھەربىي مۇداخىلىسىدىن دېرەك بېرىدىغان ـ بەرمەيدىغانلىقى توغرىلىق ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

بىز بېيجىڭنىڭ ئافغانىستانغا زادى قانچىلىك مەبلەغ سېلىشنى خالايدىغانلىقىغا چوقۇم رېئال نەزەردە قارىشىمىز كېرەك. خىتاي ۋرۇسى ۋابىسى يامراشتىن ئىلگىرىلا، خىتاينىڭ چەتئەلدىكى مەبلەغ سېلىش ئۇرۇنۇشلىرى ۋە «بىر بەلباغ، بىر يول» پائالىيەتلىرى پەسكويغا چۈشۈشكە باشلىغانىدى. شۇنداقلا، خىتاينىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئافغانىستاندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك پروجېكتلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىچىك كۆلەملىك، تۇرالغۇ ۋە ئوپتىك تالا لىنىيەسى قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۆۋەن خەۋپلىك ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. نىسبەتەن چوڭ ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك تۈرلەر

**تۇراقسىز بىخەتەرلىك ۋەزىيىتى سەۋەبىدىن ھەمىشە مەغلۇپ بولغاچقا، بۇ مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتكەن.**

## ختاينىڭ ئافغانىستاندىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ گېئوپولىتىك تەسىرى ۋە ئۇنىڭ ئامېرىكانىڭ بۇ رايوندىكى مەنپەئەتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرگەن بولسىڭىز.

**ختاي ھېلىھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تالىباننى دىپلوماتىك جەھەتتە ئېتىراپ قىلىشنى كۈتمەكتە، ئۇنىڭ نۆۋەتتە بېسىلغۇسى قەدىمى خەلقئارانىڭ ئىنكاسىغا باغلىق. شۇنىسى ئېنىقكى، ختاي ئافغانىستاننى قايتا قۇرۇش يۈكىنى يالغۇز زىممىسىگە ئېلىشنى خالىمايدۇ. قىسقا مۇددەت ئىچىدە، ختاي داۋاملىق تۈردە ئافغانىستانغا ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى بېرىدۇ، تۆۋەن خەۋپلىك پروجېكتلەرگە ئىشتىراك قىلىدۇ ۋە تالىبان بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلايدۇ.**

**ئۇزۇن مۇددەتتىن قارىغاندا، ئەگەر ئافغانىستاندىكى بىخەتەرلىك ۋەزىيىتى مۇقىملاشسا، ختاينىڭ ئافغانىستاندىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ سودا مەبلىغى ئارقىلىق كېڭىيىشى ختاينى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى تېخىمۇ ئوچۇق رەۋىشتە قوغداشقا ئۈندەيدۇ. رايوندىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقى ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، «ختاي ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئافغانىستاننى تەبىئىي بايلىقلار بىلەن تەمىنلەيدىغان <ئولپان تاپشۇرغۇچى ئەللەر> دەپ قارامدۇ ياكى مەزكۇر دۆلەتلەرنى غەرب ئەللىرىگە قارشى ئىتتىپاق شەكىللەندۈرۈشتىكى شېرىكلەر سۈپىتىدە كۆرەمدۇ؟» دېگەن مەسىلە ھەققىدىمۇ ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.**

**دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر تەرەققىيات ئافغانىستان ـ ختاي ـ پاكىستان مۇناسىۋىتىدۇر. بېيجىڭ ئىلگىرى ئافغانىستان بىلەن پاكىستان ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى ياراشتۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىغان، پاكىستان بولسا رۇسىيە ۋە ختاينىڭ تالىبان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بەرگەنىدى. ختاي، پاكىستان، ئافغانىستان، رۇسىيە ۋە ئىران ئوتتۇرىسىدا، «تېرورلۇق»قا ۋە قانۇنسىز زەھەرلىك چېكىملىك تىجارىتىگە قارشى تۇرۇش جەھەتلەردە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ئورنىتىلىشى مۇمكىن.**

**ئامېرىكا ئاساسلىق دىققىتىنى ھىندى ـ تىنچ ئوكيان رايونىغا قاراتقان بولغاچقا، ئامېرىكانىڭ بۇ رايوندىكى مەۋجۇتلۇقى ھازىرقىدىنمۇ بەك ئاجىزلىشىشى؛ شۇنداقلا، ئۇنىڭ تەسىرى پەقەت ئافغانىستان ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەزكۇر رايوندىكى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىش بىلەنلا چەكلىنىشى مۇمكىن.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://thediplomat.com/2021/12/china-in-afghanistan-how-beijing-engages-the-taliban/



# خىتاي جاسۇسلىرى ۋە خائىنلار

جەۋلان ئۇيغۇر

# خىتاي جاسۇسلىرى ۋە خائىنلار

جەۋلان ئۇيغۇر

بىز خىتاي بىلەن ئىس ـ تۈتەكسىز ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز، سىياسىي ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز. بۇنى «تەشۋىقات ئۇرۇشى» دەپ چۈشەنسەك، بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالىدۇ. تەشۋىقات سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەتراپىمىزدا ئويىنىلىۋاتقان ئويۇنلارغا سىياسىي سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە نۇرغۇن «يېڭى ئىنقىلابچى» ۋە «يېڭى تەشكىلاتلار»نى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىدىيەۋى قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە پائالىيەتچىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغان ئىدى. ھالبۇكى، شۇ چاغدا بولغان ئىشلار ھازىرمۇ تەكرارلىنىۋاتىدۇ. ئۇ چاغلاردا بىز چىراغ ئاستىدا بولساق، بۈگۈن مىكروسكوپ ئاستىدىمىز. نازارەتسىز ئۇيغۇر يوق دېيەرلىك. نېمە ئۈچۈن ھەر قېتىم خىتاي مەتبۇئاتلىرى ھۇجۇمىنى كۈچەيتىشى بىلەن تەڭلا، ئىچىمىزدە زىددىيەتلەر كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، بىزنى پاراكەندە قىلىدۇ؟ ئەجەبا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزدىن مەنبەلەنگەنمۇ؟ بىز ئۇيغۇرلار مىجەزىمىزدە ئەجەللىك ئاجىزلىقلار بولغىنى ئۈچۈنلا، ئىستىخبىيەلىك ھالدا بىر ـ بىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ ئارام بەرمەيۋاتىمىزمۇ؟ خىتاي ھۆكۈمىتى بىر نەچچە باياناتنى ئېلان قىلىپ قويۇپلا، بىز بىلەن كارى بولمايۋاتامدۇ؟ مېنىڭچە، مەسىلە ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. خىتاي ئۇيغۇرلارغا بولغان نازارەتنى ھېچبىر ۋاقىت توختىتىپ قويغىنى يوق. خىتاي ئاتالمىش «مىللىي بۆلگۈنچىلىك»كە قارشى تۇرۇش سىياستىنى دۆلەت سىياستى قىلىپ بېكىتىپ بولغان، ئۇلار بۇ كۈرەشنى ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش دەپ تونۇيدۇ. دۆلەت ئامانلىقىغا تەھدىت دەپ سانالغان ئۇيغۇرنى قىلچە رەھىم قىلماي يەۋېتىدۇ، مۇساپىر ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدە قىلغان سۆز ـ ھەرىكىتى،سېتىلما ـ خائىنلار تەرىپىدىن، چامىسىنىڭ يېتىشىچە خوجايىنلىرىغا يەتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ سېتىلما ـ خائىنلارنىڭ تەشكىلاتلىرىمىزغا ۋە ھەر بىر ئۇيغۇرغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنى زىنھار تۆۋەن مۆلچەرلىمەسلىكىمىز لازىم. بۇ ساتقۇنلار ئۇيغۇرنىڭ جېنىنى خىتايغا سېتىپ خەجلەۋاتىدۇ. بىزدە ئەرزان پۇللۇق ياللانمىلار ھەر جايدا تېپىلىدۇ، ئۇلار ھەر خىل رول ئالالايدۇ، شۇڭا بۇ تېمىدا ئازراق توختىلىشنى لايىق تاپتىم.

### خىتاي جاسۇسلىرى ۋە خائىنلار

جاسۇس بىلەن خائىن ئايرىم ئىككى گەپ، كۆپىنچە ئادەملەردە جاسۇس دېگەندە كۆز ئالدىغا ئادەتتە سەلبىي پېرسوناژلار كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە جاسۇس ئۆز ھۆكۈمىتىگە، خەلقىگە خىزمەت قىلىدۇ. يەنى ئۆز ھۆكۈمىتى ياكى ئۆز تۇپلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقا تۇپنىڭ مەنپەئەتىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، خائىن

بولسا باشقا تۈپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز تۈپىغا ،قېرىنداشلىرىغا ، ۋەتەنداشلىرىغا خىيانەت قىلىدۇ. خىزمەت كۆرسەتكەن جاسۇسلار ئۆز ھۆكۈمىتى ۋە مىللىتى تەرىپىدىن قەھرىمان ھېسابلىنىپ ھۆرمەتلىنىدۇ. خائىنلار بولسا ھەتتا ئۆزى خىزمەت قىلىۋاتقان يات مىللەت ۋە ھۆكۈمەت تەرىپىدىنمۇ نەپرەتلىك پەس ئىنسان دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئېرىشىدىغىنى پەقەتلا كىچىككىنە ماددىي مەنپەئەت بولىدۇ ھەم بىر ئۆمۈر دەككە ـ دۈككىچىلىكتە ئۆتىدۇ. بۇلار خار ئىنسانلاردۇر، بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئۇلارنى ياخشى سۆيەتلەر بىلەن تىلغا ئېلىشتىن نومۇس قىلىدۇ. بۇ بىر ـ ئىككى ئەۋلاد بىلەن ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە بولىدىغان ئىشلار ئەمەس.

يېقىنقى زامان مۇستەملىكە تارىخىمىزغا قارايدىغان بولساق، شەرقىي تۈركىستانغا (ئەنگلىيە قاتارلىق) چوڭ دۆلەتلەر قىزىقىپ كەلگەن بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرى بىلەن گومىنداڭنىڭ جاسۇسلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن ئىدى. 1933 ـ يىلىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستانغا جاللات شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭنىڭ «ئاممۋى جاسۇسلۇق ئىدارىسى» بىلەن «ھەربىي جاسۇسلۇق ئىدارىسى»نىڭ جاسۇسلىرى ئۆز تورلىرىنى يېيىپ بولغان ئىدى،گومىنداڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ تارماق مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇرلاردىنمۇ بۇ جاسۇسلۇق تەشكىلاتلاردا مۇھىم ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاشكارا سالاھىيىتى شېڭ شىسەيگە ئىشلەيدىغان ھەربىي بولسىمۇ، لېكىن مەخپىي سالاھىيىتى گومىنداڭغا ھەربىي جاسۇس بولغان.

مۇستەملىكە تارىخىمىزدىن بۇيان، ھاكىمىيەتلەر ئالماشقىنى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان خائىنلاردىن پايدىلىنىشنى زىنھار توختىتىپ قويغىنى يوق. ئۇلارغا ئارخىپ تۈرغۇزۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھاكىمىيەت ئالماشقان چاغدىمۇ، ئۇلار قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، كۆلىمى بارغانسېرى كېڭىيىپ باردى. كوممۇنىستلار ئىشغالىيىتى مەزگىلىدە مەجبۇرلاش، سېتىۋېلىش، ئالداش ۋاستىلىرى بىلەن بۇ قوشۇننى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە كېڭەيتتى. شەرقىي تۈركىستاندا خېلى بۇرۇنلا ،يېزا ـ بازار،ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدىن تارتىپ ناھىيە ،ۋىلايەت ،شەھەرلەرگىچە، ھەتتا مەسچىتلەرگىچە ھەر خىل نامالار بىلەن مەخپىي خادىملار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسىنىڭ مەخپىيەتلىكى ساقلىنىدىغان بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇنلىرىنىڭ سالاھىيىتى ئاشكارىلىنىپ قالغان بولۇپ، ئەتراپتىكىلەرمۇ بىلەتتى، لېكىن گەپ قىلالمايتتى. بۇنداقلارنى خەلق «قۇلاق»، «ئايشاركا» ۋە باشقا ھەر خىل ناملاردا ئاتايتتى. كوممۇنىستلارنىڭ بۇ خىل تۈزۈلمىسىدە، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ قوغداش بۆلۈملىرى، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ئامانلىق قوغداش ئىشخانىلىرىنىڭمۇ ئۆز ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىدىن «قۇلاقلىرى» بولىدۇ ۋە بۇلارنى يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم مەخپىي ھالدا كوللېكتىپ ياكى يەككە مېھمان قىلىدۇ. ماددىي بۇيۇملارنى سوۋغا قىلىدۇ. ھەر بىر مەھەللە، رايون ساقچىخانىلىرىنىڭمۇ ئۆزىگە قاراشلىق تەۋە ئىچىدە ئوقەتچىلەردىن، ھەتتا ئوغرى ـ يانچۇقچى، ئاق ساتىدىغان ۋە چېكىدىغانلاردىنمۇ «قۇلاقلىرى» بولىدۇ ۋە ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى ئىشخانىدا ئولتۇرۇپلا، سىرتتىكى ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. شۇ تەۋەدە

سىز بىرەر قىممەت باھالىق ياكى مۇھىم نەرسىڭىزنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، ساقچىغا دېلو مەلۇم قىلىپ، گۇماندارنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى دەپ بېرەلىسىڭىزلا، ساقچىلار «پالانچى ئىكەندە» دەپ دەرھال ئىسگە ئالالايدۇ. بۇمۇ سىزنىڭ سالاھىيىتىڭىزگە باغلىق، ئادەتتە تىزىملاپ قويۇپلا چىقىرىۋېتىدۇ، ئوغرى بىلەن ئۇچراشتۇرمايدۇ.

1980 ـ يىللاردىن باشلاپ چەتئەللەردە سودا قىلىش دولقۇنى كۆچەيدى، خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارمۇ چەتئەللەرگە چىقىپ سودا قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقى»دىكى كارخانىلار ۋە شەھەر، ۋىلايەت، ناھىيەلەرگە قاراشلىق ئىدارىلارمۇ بىر تۈركۈم ئادەملەرنى سودا قىلىشقا ئاجرىتىپ، چەتئەللەردە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنى ۋە ھەر خىل نامدىكى ئىشخانىلارنى كۆپلەپ قۇردى. بۇ ئىش بېجىرىش ئىشخانىلىرىغا، سودىگەرلەر توپلىرىغا كۆپلەپ بىخەتەرلىك خادىملىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ خادىملارنىڭ مائاشى ۋە كاماندىروپكا ياردەم پۇللىرى خىتاي بىخەتەرلىك ئورگانلىرىدىن بېرىلىدۇ. سودا ئورۇنلىرى پەقەتلا بىزنىڭ ئادەم دەپ، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى يوشۇرۇشقىلا مەسئۇل بولىدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، نەگە بارغىنىنى سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقى يوق. بولۇپمۇ 91 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى تېخىمۇ كۈچەيدى. ھەتتا ئۇرۇش بولۇۋاتقان گىرۇزىيەگىچە مەخپىي خادىم ئەۋەتىپ، ئېقىپ يۈرگەن ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق مەلۇمات ئىگىلىدى.

بىخەتەرلىك خادىملىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىدارىلاردىمۇ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەردىمۇ مەۋجۇت. بىخەتەرلىك ئورۇنلىرى ئۆز ئادەملىرىنى ھەر قانداق ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق. چۈنكى، بۇ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسى. ئۇنىڭدىن باشقا ئايرىم ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى ۋە ھۆرمەتلىك شەخسلەرنىڭمۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇناسىۋەتلىك شەخس ۋە بۆلۈملىرىگە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت كۆز قاراشلىرىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ تۇرۇش ۋەزىپىسى بار .

«5 ـ ئىيۇل» قەتلىئامدىن كېيىن ئۈرۈمچى تەۋەسىدە، شىمالى قوۋۇقتىن، بۇلاق بېشى،دۆڭكۆرۈكتىن تارتىپ، شەرقى ئايلانما يولغىچە، ئىشقىلىپ ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان يەرلەردىكى كوچىلاردا، دوقمۇشلاردا، تۇيۇقسىزلا كۆپلەپ «بىكارچى» ئۇيغۇر ياشلىرى پەيدا بولۇپ قالدى، بۇلارنىڭ ياش قۇرامدا ئانچە چوڭ پەرق يوق ئىدى. ساقچى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ياكى ھەربىيلەرگە ئوخشىمايتتى. ھەممىسىنىڭ چىرايى تېگى ـ تېگىدىن قارىداپ كەتكەن، ئورۇق، زەئىپ چىراي ئىدى. بەلكى «خىزمەت كۆرسىتىپ، گۇناھىنى يۇماقچى» بولغانلارنى تاللاپ ئەكەلگەن بولسا كېرەك. بۇلار يولدىن ئۆتۈۋاتقان ئادەملەرگە زەن سالىدۇ، گۇمانلىق ياشلارنى تۇتىدۇ، ئىككى ئادەم گەپلىشىپ ماڭغان بولسا ھېچبىر ئەيمەنمەي يوق چاپلىشىپ دېگۈدەك مېڭىپ، گەپلىرىنى تىڭشايدۇ. قول هارۋىلىرىدا ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى، مېۋىلەرنى ساتىدىغان ئۇيغۇر ياشلارمۇ كۆپپىيىپ كەتتى. بۇلار بىر بۇيرۇق بىلەنلا قوللىرىدىكى ئىشلىرىنى تاشلاپ، قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ، نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرىنى تۇتۇپ بەردى.

بۇلار ئەرزان پۇللۇق «قۇلاقلار» بولۇپ، خىتايلارمۇ بۇلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇلارمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردۇر.

ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن كېيىن، خىتاي ئۈرۈمچىدە ھەتتا ئەسكى-تۇسكى يىغىدىغان (سېتىۋالىدىغان) خىتايلارغىمۇ ئايدا 300 يۈەندىن 600 يۈەنگىچە ياردەم پۇل بېرىپ، ئۇلاردىنمۇ پايدىلاندى، بۇ خىتايلار ھەرقانداق قورۇلارغا ھارۋىسىنى سۆرەپ كىرەلەيتتى، ئۇلارنىڭ ئىجازەتنامىسى بار بولۇپ، باشقىلار كىملىكنى كۆرسىتىپ تىزىملىتىپ كىرگەن يەرلەرگە ئەركىن كىرىپ-چىقالايتتى، بەزى ھاجەتمەنلەر ئۇلارنى قورۇسىغا ياكى ئۆيىگە باشلاپ كىرىدۇ، ئۇلار ئەتراپقا،ئۆي ئىچىگە سەپسېلىپ، گۇمانلىق نەرسە بايقىسا چىقىپلا دوكلات قىلىدۇ.

خائىنلىققا ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى خىتايغا سادىق ئىشلىگەنلەر، ئائىلىسىدە خائىنلىق تارىخى بارلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئالدىن تاللاش ئوبيېكتى قىلىنىدۇ. «يېقىنلىرى»،ئاتالمىش «دوستلىرى»مۇ نەپسى تويماسلارنى سۆرەپ كىرىدۇ. بەزى توغرا يولدا ماڭماستىن قىلمىش ئۆتكۈزۈپ تۈرمىگە كىرىپ قالغانلاردىن «خىزمەت كۆرسىتىپ، گۇناھىنى يۇماقچى» بولغانلار، ئوغرى-يانچۇقچىلار ئۆزلىرى ئۆتكۈزگەن ئاللىقانداق جىنايەتلەر سەۋەبلىك، بۇ ئىشقا ئىلىنىپ قالىدۇ. ساقچىلار ھېچقانچە كۈچىمەيلا، بۇنداقلارنى پايلاقچى بولۇشقا كۆندۈرەلەيدۇ. ياشلىقىدا ئىلىنىپ قالغان قىلتاقتىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەر قانچە باي بولسىمۇ، يۈز-ئابروي تاپسىمۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇتۇلالمايدۇ. «5-ئىيۇل» قىرغىنچىلىقى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئايال قوشنىمىز نەۋرىسىنىڭ نوپۇس ئىشى بىلەن مەھەللە ساقچىخانىسىغا ئىش بېجىرگىلى كىرگەنىكەن، ساقاللىرى ئاپئاق ئاقارغان سالاپەتلىك بىر ئادەم سىرتتىن ۋارقىراپلا كىرگەن ۋە ئۇدۇلىدىكى خىتاي ساقچىغا ئۇنلۇك ئاۋازدا: «مەن ھازىرغىچە ئۈچنى تۇتۇپ بەردىم، بېرىدىغىنىڭلارنى بەرمەمسىلەر؟» دەپتۇ،ساقچى ئۇنىڭغا: «ئالدىرىما، بىز تىزىملاۋاتىمىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ قېرىنىڭ ساقچىخانىدىكىلەر بىلەن خېلىلا تونۇشلۇقى بارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇقمىغانلار بۇ ئەبلەخنى يەنىلا چوڭ بىلىپ ھۆرمەتلىشى تەبىئىي.

بۇ يەردە ئۆزۈم بىلىدىغان ئىككى مىسالنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتەي:

1. مېنىڭ يېقىن ئۆتىدىغان بىر قازاق ئاغىنەم بار ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ئۆز تەۋەلىكىدىكى بىر قازاق ساقچى بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ، تاكاللىشىپ قېلىپ، مۇشتلىشىپ ساقچىنىڭ ئىككى تال چىشىنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ 15 كۈن يىغۋېلىشتا يېتىپ چىققاندىن كېيىن بەك روھسىزلىنىپ كەتتى. مەن سەۋەبىنى سورىسام، ئۇ ئۆزىنى «قۇلاق» بولۇش شەرتى بىلەن قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. ئارىدا بىرەر يىلچە كۆرۈشمىدۇق. بىر كۈنى، ئۇنىڭ مەھەللىسىگە بارسام، كوچا دوقمۇشىدا بىر يېرىم كۋادرات مېتىر كەلگۈچىلىك يەرگە ئەسكى قەلەيلەرنى چاپلاپ بىر بوتكا ئېچىۋاپتۇ، ئەھۋالى بەك ناچار ئىدى، سەۋەبىنى سورىسام، خىزمەت ئورنىدىن «ئىستېپا» بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئۈرۈمچىدە توك ئىدارىسىدە ئىشلەيتتى. 80-يىللاردا توك ئىدارىسىنىڭ مۇكاپات ۋە پاراۋانلىقلىرى ئالاھىدە ياخشى ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇكىسىنىڭ ماڭا دېيىشىچە، ئاغىنەم د د ۋ (زەھەرلىك

دېھقانچىلىق دورىسى) ئىچىپ، ئاندىن ئۆنىئالغۇغا سۆزلىگىنىچە جان ئۈزگەن ئىكەن. ساقچىلار ئۆنىئالغۇ لېنتىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. دېمەك، ئاغىنەم ياخشى ماسلىشالمىغانلىقى ئۈچۈن پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان.

2. مەن بابۇر مەخسۇتنى ئازراق بىلەتتىم، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا ساۋاقداشلار ئارىسىدا بابۇرنى بىيجىڭدا قولغا ئاپتۇ دېگەن گەپ تارقالدى. سەۋەبى ماۋ زېدوڭ قىزىل قوغدىغۇچىلارنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قوبۇل قىلغاندا، تيەنئەنمېن مەيدانىدا بابۇرمۇ بار ئىكەنتۇق. ئۇنىڭ يېنىدىن قورال چىقىپ قاپتۇ دېيىشتى، ئۇنىڭ بۇ ئىشى قەستەنلىكمۇ ياكى سەۋەنلىكمۇ؟ ئۇقمىدۇق. ئىشقىلىپ، بابۇرنىڭ يۈز بېشى بولسىمۇ ئامان قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتۇق. ئاردىن ئۇزۇن يىل ئۆتكەندە، بابۇرنى ئۆلمەپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن، بابۇرنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتچى بولغانلىقىنى، كېيىن خىتاي ئەلچىخانىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ پاش بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم.

خىتاي ئىستىخباراتى چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار توپلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كەلدى،توپتىكى يۈز ـ ئابرويى بار، گەپ سۆزى نورمال ياشلارغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، بۇنداق ياشلارنىڭ ئەتراپىدا ھەر قاچان ئەگىپ يۈرگەن كۆلەڭگىلەر بولىدۇ، ئۇلار ياشلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالىنى،گەپ ـ سۆزىنى خوجايىنلىرىغا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ ۋە قارىماققا ئىلىش ئۈچۈن ھەر خىل چارىلارنى قىلىدۇ. 2017 ـ يىلىنىڭ ئالدىدا خىتايغا بېرىش ـ كېلىش كۆچەيگەن مەزگىللەردە، خىتايغا بارغان بەزى ياشلار بىلەن خىتاي بىخەتەرلىك ئورۇنلىرى ئايرىم سۆزلەشكەن، مېھمان قىلغان ئىشلار كۆپىيىپ كەتتى. دېمەك، بۇ ياشلارنىڭ ئەھۋالى ئۆزىدىن بۇرۇن يېتىپ بارغان گەپ. ئايرىم ياشلار:خىتايلار بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىشلارنى، گەپ ـ سۆزلەرنى نېمە ئانچە ئېنىق بىلىدىغاندۇ دەپ ھەيران بولغان ۋە ئەندىشىدە بولغان.

شەرقىي تۈركىستاندا بىر تەرەپتىن لاگېر سىرتىدىكىلەرگە تەھدىت قىلىپ قورقۇتۇش بىلەن ئارام بەرمەي خىزمەت ئىشلىسە، لاگېر ئىچىدىكىلەرنى ئېغىر تەن جازاسى ئارقىلىق، خىتايلار جىنايەت دەپ ئاتىغان ئىشلارنى مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش، باشقىلار ئۈستىدىن تۆھمەت قىلدۇرۇش، ھەتتا بالا ـ دادىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى، دوست ـ بۇرادەرلەرنى ئۆزئارا پاش قىلىشقا مەجبۇرلاپ، ئىقرار قىلدۇرۇشتەك ئىنسان قەلبى سىغدۇرالمايدىغان پەسكەش ئۇسۇللارنى قوللىنىۋاتىدۇ. باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى بىلمىسىمۇ گۇمانلىرىنى مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇپ، قىلمىغان ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ مىليونلىغان ئىنسان ناھەق جازالىنىۋاتىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەرگە مۇكاپات سومىسى تەسىس قىلىپ، تەمىنلىنىدىغان ئاخباراتنىمۇ دەرىجىگە بۆلۈپ، مۇكاپاتنىڭ يۇقىرى چېكىنى مىليون يۈەن خىتاي پۇلىغا ئۆستۈردى ۋە ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلان چىقىرىپ، خېرىدار چاقىردى. كىشىلەرنى ۋىجدانسىزلىققا، بىر ـ بىرىگە ئورا كولاشقا رىغبەتلەندۈردى. نەتىجىدە بىر قىسىم ۋىجدانسىزلار، تاماخور ـ پەسكەشلەرنىڭ دەستىدىن كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئەركىن ـ ئازادە گەپمۇ قىلىشالمايدىغان بولدى.

ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ئۆزلۈكسىز كۈچىيىشى، خەلقئارانىڭ قوللىشىنىڭ كۈچىيىشى، ھەتتا ئۇيغۇر مەسىلىسىدە، ئىككى سەپ بولۇپ قېلىشى خىتايلارنى بارغانسېرى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ يالغان تەشۋىقاتىنى بارغانسېرى كۈچەيتىۋاتىدۇ، چەتئەلدىكى پائالىيەتچىلىرىمىز ۋە ئۇنىۋېرسالىق ئىش تەۋرىتىپ كېتىۋاتقان تەشكىلاتلىرىمىز خىتاينىڭ ۋە خىتايپەرەس مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلۈكسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ۋە بىر قىسىم چەتئەللىكلەردە پىكىر قالايمىقانچىلىقى چىقىرىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن «يېڭى ئىنقىلابچىلار» ئارقىلىق تەشكىلات ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرى بىلەن كۈچ سىنىشىۋاتىدۇ.

مۇھاجىرەتتىكى بىر نەچچە يىللىق ئۇيغۇر پائالىيەتلىرى جەريانىدا، بەزى ئىنسانلارنىڭ قاتتىق گۇمان قوزغىغان ئىشلىرىمۇ سادىر بولدى، بۇنداقلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان پاكىتلارمۇ بار. خېلى بىر قىسىم ئىنسانلار بىر- بىرىدىنمۇ گۇمان قىلىپ، ئۆزئارا ئارىلىشىشتىنمۇ قاچىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر پائالىيەتلىرىنىڭ بارلىق سورۇنلىرىدا گۇمانلىق شەخسلەرنىڭ كۆلەڭگىلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن، تەجرىبىسىز تەشكىلات باشلىقلىرى ئەتراپىدىكى توپنىڭ بارغانسېرى كىچىكلەۋاتقىنىنى پائالىيەتكە قاتنىشىدىغانلارنىڭ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى، يەنى «بۆرە بار قوتانغا قوي كىرمەيدۇ»غانلىقىنى بىلەلمەيۋاتىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلاردا ھاكىمىيەت يوق، شۇڭا ئۇيغۇر ئۈچۈن ئىشلەيدىغان جاسۇسمۇ يوق، ئەڭ بولمىغاندا مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە، ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللەشكەن تەشكىلاتىمىزمۇ يوق. ئەسلىدە جاسۇسلۇققا - جاسۇسلۇق بىلەن زەربە بېرىش لازىم ئىدى. ھازىرچە گۇماندار- مۇناپىقلارنى جازالاش ئىمكانىيىتىمىزمۇ يوق، بىزنىڭ قىلالايدىغىنىمىز پۈت دەسسەپ تۇرالىغۇدەك پاكىتلارغا ئىگە بولغاندا، ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق، ئۇلارغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىشنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. خىتايدا 15 كۈندە پۈتىدىغان دېلولار دېموكراتىك دۆلەتلەردە نەچچە يىلغا سوزۇلىدىكەن. ئىسپات ئېنىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىكەن. مۇناپىقلارنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىمۇ خەلقئالەمگە پاش بولۇپ قېلىشتۇر. ئۇلار مەڭگۈ ئۆزلىرىنى ئاشكارىلىيالمايدۇ. ئۇلار ئاشكارىلىنىپ رولىنى يوقاتسا، خىتاي ئۈچۈنمۇ ئەتىۋارى قالمايدۇ. ئاقىۋىتى پاجىئە بىلەن تۈگەيدۇ. خىتاي ئۆزىگە نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتكەن، ئۆز مىللىتىدىن بولغان جاسۇسلىرى پاش بولۇپ قالسىمۇ، بىز بىلەن ئالاقىسى يوق دەپ ئىگە بولمايۋاتقان يەردە، خائىن، مىللىي مۇناپىقلارغا ئىگە بولامتى؟ خىتاي ئۈچۈن بۇنداق مۇناپىقلار ئىنسان ھېسابلانمايدۇ. ئۇلار پەقەت خوجايىنلىرىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە تېخىمۇ «ئىنقىلابچى»، تېخىمۇ «جەڭگىۋار» قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، توختىماستىن، تاكى ئۆزلىرى رەسۋا بولغۇچە ھۇجۇم قىلىشى كېرەك، چېكىنىش يولى يوق. بىر نەچچە يىللار ئىلگىرى رابىيە خانىمنىڭ بىر باياناتىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئۇ: «مىنىڭ مىللىتىمدە خائىن يوق» دېگەن ئىدى. بۇ سۆز ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىك جەھەتتىن توغرا

ئېيتىلغان، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر ـ بىرىدىن گۇمانلىنىپ دۈشمەنلىشىشى ئىتتىپاقىمىزغا زىيانلىق، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئوبرازىغا زىيانلىق، ئۇيغۇرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان ئىش بولغاچقا، دۈشمەن كۆچلەرگە يوچۇق قالدۇرماسلىق كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بولۇۋاتقان ئىشلارغا ۋە مەلۇم ئادەملەرگە بەك ساددىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئويلىمىغان چوڭ زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، قارشىمىزدا تۇرغىنى مول سىياسىي كۆرەش تەجرىبىسىگە ئىگە، پۈتۈن ۋۇجۇدى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن تولغان دۈشمەندۇر. دۇنيادا خىتايدىن كەلگەن مەنپەئەت ئۈچۈن نېمە ئىشلار بولۇۋاتقىنىنى ئاڭلاۋاتىمىز، ئۇيغۇردىمۇ ئازغىنە مەنپەئەت ئۈچۈن ۋىجدانىدىن كېچىپ شۇملۇق قىلىپ يۈرگەنلەر ھەر يەردە بار، شۇڭا كاللىنى سەگەك تۇتۇش كېرەك.

2019 ـ يىل 10 ـ ئاي



# ستالىن، مولوتوف ۋە ۋوروشىلوفنىڭ شىڭ شىسەيگە يازغان خېتى

# يولداش ستالىن، مولوتوف ۋە ۋوروشىلوفنىڭ دۇبەن شېڭ شىسەيگە يازغان خېتى

«ۋىلسون رەقەملىك ئارخىپخانىسى»دىكى 121896 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت

شېڭ شىسەي ئەپەندىگە:

بىز سىزنىڭ 1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدۇق. سىزنىڭ دوستلۇق ھېسسىياتىڭىزنى ئىزھار قىلغىنىڭىزغا رەھمەت ئېيتىمىز. بىز نۆۋەتتە شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، تىنچلىقنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىدىن خۇشالمىز. شۈبھىسىز، سىزنىڭ تىنىمسىز ۋە سىجىل تىرىشچانلىقىڭىز بولمىغان بولسا، شىنجاڭدا تىنچلىق بەرپا قىلىنمىغان بولاتتى.

بىز راست گەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەنمىز. (شۇڭا) بىز يەنە سىزگە خېتىڭىزدىكى بارلىق مەزمۇنلار توغرىسىدا راست گەپنى ئېيتماقچىمىز.

1. بىز شىنجاڭدا كوممۇنىزمنى ئىمكانقەدەر بالدۇرراق يولغا قويۇش زۆرۈر دېگەن قاراشنى خاتا دەپ قارايمىز. شىنجاڭ ئارقىدا قالغان يۇرتتۇر، ئۇنىڭ تېخىچە سانائىتى يوق، ئۇ يەردە ئىشچىلار سىنىپىمۇ يوق دېيەرلىك. شۇنداقلا، بۇ يەر كۆلتۈر جەھەتتىمۇ تۆۋەن سەۋىيەدە. بۇنداق يەردە كوممۇنىزمنى ئىمكانقەدەر تېزدىن يولغا قويۇش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۆزىنى مۇقەررەر مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىشتىن ۋە مازاققا قويۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. بىز ھەر قانداق ئەھۋالدا بۇنداق سىياسەتنى تەستىقلىيالمايمىز. شىنجاڭدا پەقەت بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنىلا بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇمۇ دەرھال ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي ۋە كۆلتۈرەل جەھەتتە غايەت زور ۋە سىجىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەندە، ئاندىن تەدرىجىي ئىشقا ئاشىدۇ. بۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، چەكتىن ئاشماسلىقنى ۋە «نىشانى يۈكسەك، ئەمما قولىدىن ئىش چىقمايدىغان ئادەم بولۇپ قالماسلىق»نى نىشان قىلىش كېرەك.

2. بىز يەنە شىنجاڭدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشنى خاتا دەپ قارايمىز. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى قانداق خاتالىق سادىر قىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھېلىھەم چەتئەلدىكى خىتايغا قارشى جاھانگىر دۆشمەنلەر بىلەن كۈرەش قىلىش يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. نۆۋەتتە، جاھانگىرلار خىتاينىڭ ئۆلكىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ پارچىلاپ، خىتاينى ئۆز تەسرى ئاستىغا كىرگۈزۈشنىڭ كويىدا. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت خىتاينى ئاجىزلىتىۋېتىشى مۇمكىن بولغان بارچە نەرسىگە قارشى كۈرەش قىلىشتۇر. خىتايلار ئاز، شۇنداقلا خىتايدىن بۆلۈنۈپ چىقىش خاھىشى ئوچۇق ـ ئاشكارا بولغان شىنجاڭدەك بىر ئۆلكىنىڭ رەھبىرى ئۈچۈن، بۇ ۋەزىيەت ئېخىمۇ مۇھىم. شۇ ۋەجىدىن، بىز شىنجاڭنىڭ نەنجىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرىشى، خىتاينىڭ جاھانگىر دۆشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاجىزلىتىشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدۇ، دەپ قارايمىز. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، بىز سىزنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە يۆتۈنلەي سادىق بولۇش سىياستىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان بىرلىكسەپنى ساقلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز.

3. بىز سىزنىڭ ھازىرلا كومپارتىيەگە ئەزا بولۇشىڭىزغىمۇ قوشۇلمايمىز. بىز بۇنىڭغا شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى قوشۇلمايمىزكى، ئالدى بىلەن، بۇ سىزنىڭ نەنجىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى بۇزىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ شىنجاڭدىكى جاھانگىر جاسۇسلىرىنىڭ ۋە تۈرلۈك بۆلگۈنچىلەرنىڭ سىزگە قارشى كۈرىشىنى ئېخىمۇ ئاسانلاشتۇرىدۇ. كوممۇنىست بولغۇسى بار ئادەم پارتىيەگە رەسمىي ئەزا بولماي تۇرۇپمۇ، ھەر ۋاقىت كوممۇنىست بولالايدۇ. ئەگەر ۋەزىيەت ۋە ئېھتىيات سىزنىڭ پارتىيەگە كىرمەسلىكىڭىزنى تەقەززا قىلسا، ئۇنداقتا سىز ئۆزىڭىزنى خىتاينىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرۇشىڭىز كېرەك، چۈنكى بىر ئادەمنى كوممۇنىست قىلىدىغىنى پارتىيە ئەزالىق كارتىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كوممۇنىزم ئىدىئولوگىيەسىگە بولغان ئەمەلىي ۋە ھەقىقىي ساداقىتىدۇر.

4. سىزگە بولغان ئىشەنچكە كەلسەك، بىز شۇنداق دېيىشىمىز كېرەككى، ئىشەنچ ھەرىكەت ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. ھالبۇكى، بىز ھەرىكەت ئارقىلىق، جۈملىدىن ياردىمىمىز ۋە مەسلىھەتىمىز ئارقىلىق، سىزگە تەلتۆكۈس ئىشىنىدىغانلىقىمىزنى ئاللىقاچان ئىپادىلىدۇق.

كۆرۈپ تۇرغىنىڭىزدەك، بىز بىر قانچە ئاي ئاۋۋال سىزگە يوللىغان تېلېگراممىدىكى ۋە سىزدىن ئەمەلىي خىزمىتىڭىز داۋامىدا ئېسىڭىزدە تۇتۇشنى تەلەپ قىلغان كۆرسەتمىلەردىكى مەيدانىمىزنى تەلتۆكۈس ۋە تامامەن داۋاملاشتۇرىمىز.

بىز سىزنى شۇ خۇسۇستا سەمىمىي ۋە ئوچۇق ـ ئاشكارا ئاگاھلاندۇرۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار دەپ قارايمىزكى، بىز پەقەت سىز كەلگۈسىدە بىز مەزكۇر خەتتە ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرنى ئويلىشىش مۇمكىنچىلىكى بار دەپ قارىغان ئەھۋالدا، ئاندىن سىزنى قوللىيالايمىز ۋە سىزگە ياردەم قىلالايمىز.

شىنجاڭدا جاھانگىرلىككە قارشى تۈرۈش نىزامنامىسىگە كەلسەك، بىز بۇنى توغرا دەپ قارايمىز. پەقەت «ئايالـلارغا باراۋەر ھوقۇق بېرىش» دېگەن پاراگراف بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىز بۇ پاراگرافنى نىزامنامىدىن چىقىرىۋېتىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. بىز بۇنى ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولغان، قالاق شىنجاڭنىڭ مەۋجۇت شارائىتىغا نىسبەتەن بالدۇرلۇق قىلىدۇ، دەپ قارايمىز.

بىزنىڭ قالغان بارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پىكىرلىرىمىز يولداش سىۋانىدزې تەرىپىدىن سىزگە يەتكۈزۈلىدۇ.

1934 ـ يىلى 27 ـ ئىيۇل قولدا يېزىلدى.

ئىمزا:

ئى.ستالىن

ۋ.مولوتوف

ك.ۋوروشىلوف

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/121896



# ئۇيغۇر ئەمالار يېزىقى دۇنياغا كەلدى


ئەنۋەر ئەھمەد

# ئۇيغۇر ئەمالار يېزىقى دۇنياغا كەلدى

ئەنۋەر ئەھمەد

ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى ۋەزنى، قۇرۇلمىسى، مول مەزمۇنى ۋە ئىپادىلەش شەكلى بىلەن خۇددى ئىنگلىز، ئەرەب، ئىسپان، فرانسۇز تىللىرىدەكلا نوپۇزغا ئىگە بولغان. ئۆزىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى، تارىخىي يازمىلىرى بىلەن دۇنيا تىل ـ مەدەنىيەت ساھەسىگە قوشقان تۆھپىسى ئارقىلىق، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالغان تىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى»، «ئوغۇزنامە»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەر بۇنىڭغا پاكىت بولالايدۇ.

گېرمانىيەلىك مۇتەخەسسىسلەر 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شۇنداقلا تۈرك دۇنياسى ساھەسىدە ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتلارنى قىلىش نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ «ئالتاي تىلى سىستېمىسى»نىڭ يىلتىزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئۇيغۇر تىلى قانداقتۇر ئۆزبېك، تاتار، تۈرك قاتارلىق ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى تىللار بىلەن يېقىن بولماستىن، بەلكى بۇ تىللارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى يىلتىزدۇر. دۇنيادىكى تىللارنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى كۆرسىتىلگەن تۆۋەندىكى خەرىتىدىن بۇ نۇقتىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. تۆۋەندىكى خەرىتە گېرمانىيەدىكى تىل




Language of the Uyghurs – Origin from the languages of the Altai-Turkish-System

ئاكادېمىيەسى بىناسىنىڭ ئىچىدە سۈرەتكە تارتىلغان.

**Language of the Uyghurs – Origin from the languages of the Altai – Turkish – System**

ئەزىز ۋەتىنىمىزنى دەسلەپتە مانجۇ ئىمپېرىيەسى بېسىۋالغان ۋە كېيىن بۇنىڭغا گومىنداڭ خىتاي ھۆكۈمىتى، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ۋارىسلىق قىلغان ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇيغۇر تىلى تەرەققىي قىلىش تۈگۈل، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ قاباھەتلىك چېكىنىش قىسمىتىگە دۇچار بولدى. 1933 – يىلى ۋە 1944 – يىللىرى، ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما قىسمىتىمىزنىڭ كاجلىقىدىن، جۇمھۇرىيەتلىرىمىزنىڭ ئۆمرى قىسقا بولدى.

بىزگە ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغان نۇرغۇن مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى يوقىتىپ، ھۆكۈمران مىللەتلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، تارىخ سەھنىسى بىلەن خوشلاشتى. بىز ئۇيغۇرلار بولساق: بىرىنچى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى، ئىككىنچى ھازىرغىچە بولغان جەرياندا، مىللىتىمىزنىڭ ئەقلىي بايىقى بولغان ھەر ساھەدىكى زىيالىيلىرىمىزنىڭ توختىماي كۆرەش تىرىشچانلىقى تۈرتكىسىدە، تىلىمىزنى ساقلاپ، ئۇنى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن ئەبەدىي ئابىدە قىلىش يولىدا تىرىشىۋاتىمىز.

خىتايدەك فاشىست، زالىم ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەملىكىسىدە، ئۇيغۇر تىلى ئېغىر دەرىجىدىكى خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە. بۇنداق بىر سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتتە تىلىمىزنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمالار يېزىقىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش، ئەمما قېرىنداشلىرىمىزنىمۇ نورمال كىشىلەردەك يېزىش، ئوقۇش ۋە نورمال مائارىپ تەربىيەسى ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنى نەزەرگە ئالغان مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچىلىرىمىز، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى، ۋاشىنگتون ئالاھىدە رايونىدىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرلىكتە، بىر يىلغا يېقىن جىددىي ئىزدىنىش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، ئاخىرى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەمالار يېزىقىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

فرانسىيەلىك لويىس برايىل (Louis Braille) 1825 – يىلى 16 يېشىدا، تۇنجى ئەمالار يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ، ئەمالارنى يېزىق بىلەن يېزىش – ئوقۇش، ئالاقە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرگەن ئىدى. ئەمالار يېزىقى ئالتە چېكىت، تۆت شەكىلدىن تەركىب تاپقان ئېلىپبە بولۇپ، مۇشۇ ئاساستا دۇنيادىكى كۆپ تىللارنىڭ ئەمالار يېزىقى بارلىققا كەلگەن. فرانسىيەلىك لويىس برايىلنىڭ سىستېمىلىق، ئەمالار يېزىقىنى ئىجاد قىلغانلىقتىن ئىبارەت غايەت زور تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، فرانسىيە پېداگوگىكا

**ئاكادېمىيەسى 1850 ـ يىلى، ئۇ ئىجاد قىلغان ئەمالار يېزىقىنى رەسمىي ھالدا ئەمالار يېزىقى قىلىپ بېكىتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەمالار يېزىقى ھەرقايسى تىللار بويىچە بارلىققا كېلىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، ئەما كىشىلەر جەمئىيەتتە نورمال كىشىلەردەك يېزىق بىلەن ئالاقە قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.**

**دۇنيادىكى تۇنجى ئەمالار مەكتىپى لويىس برايىلنىڭ ئەمالار يېزىقىنى ئىجاد قىلىشىدىن خېلى بۇرۇن، يەنى 1784 ـ يىلى پارىژدا قۇرۇلغان، ئىككىنچى بولۇپ 1790 ـ يىلى، ئەنگلىيەنىڭ لىۋېرپول شەھرىدە قۇرۇلغان. 1801 ـ يىلى ئامېرىكانىڭ ماساچۇسېتس شتاتىدىكى بوستون شەھرىدە ئۈچىنچى ئەمالار مەكتىپى قۇرۇلغان. 1804 ـ يىلى ئاۋسترىيەنىڭ ۋىيېننا شەھرى ۋە 1806 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ بېرلىن شەھەرلىرىدە ئارقىمۇئارقا ئەمالار مەكتىپى قۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ بىر قىسىم تەرەققىي قىلغان جايلىرىدا ئەمالارمۇ جەمئىيەتنىڭ نورمال ئەزالىرىغا ئوخشاش، ئۆز ـ ئارا ئالاقىلىشىش، نورمال مائارىپ تەربىيەسى ئېلىش، جەمئىيەتتە ئۆزىگە خاس ھالدىكى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.**

**ئۇيغۇر تىلىدەك نوپۇزلۇق بىر تىلنىڭ غەرب ئەللىرىدە ئەمالار يېزىقى ۋە ئەمالار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئىككى يېرىم ئەسىردىن كېيىن ۋۇجۇدقا. چىقىشى. تولىمۇ ئەپسۇسلىنا.رلىق ئىش بو.لسىمۇ، ئەمما بۇ يەنىلا ھەممىمىزنى بىر تەرەپتىن خۇشال قىلىدىغان نەتىجە بولسىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئاچچىق رېئاللىقتۇر.**

**خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىمىز ۋە ۋاشىڭتون ئالاھىدە رايونىدىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھارىس موۋبرېي (Harris Mowbray) ئەپەندى قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا قۇرۇلۇپ، بۇ تۆردىكى خىزمەتنى 2021 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا باشلىغان. گۇرۇپپىدىكى خادىملار خىتاي دۆلىتى ۋە ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمالار يېزىقىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى، يولغا قويۇلۇش جەريانى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەمالار يېزىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى توسقۇنلۇقلار، خىتايدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئاسسىملياتسىيە سىياستى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەمئىيەتتە ئىستېمالدىن قالدۇرۇلۇشى، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دائىر ئەھۋاللارنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلغاندىن كېيىن ھارىس موۋبرېي ئەپەندىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئۇيغۇر ئەمالار يېزىقىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، خەلقىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىر بوشلۇقىنى تولدۇردى. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇر ئەمالار يېزىقىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق ئەزالارغا، مىللىتىمىز ئۈچۈن تىنىمسىز خىزمەت قىلىۋاتقان زىيالىيلىرىمىزغا سەممىي رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز.**

**فىرانسىيە بىلەن ئەنگلىيەنىڭ ئۆتكەن ھەپتە، ئۇيغۇرلارنى قوللاپ چىقارغان تارىخىي قارارلىرى ھەممىمىزگە ئۈمىد بېغىشلىغان بولسا، بۇ ھەپتە ئۇيغۇر ئەمالار يېزىقىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى بارلىق ئۇيغۇرلارنى سۆيۈندۈرىدىغان، ئۇيغۇر تىلى تارىخىدىكى بىر يېڭىلىقنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان خۇش خەۋەر ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ئەمالار يېزىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى تىلىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 2022 ـ يىلى، خەلقىمىز ئۈچۈن خەيرلىك بىر يىل بولغۇسى.**

**2022 ـ يىلى 25 ـ يانۋار، گېرمانىيە**



# يىغىۋېلىش لاگېرىدا غايىب بولغان قىزىل كىيىملىك قىزچاق

ئىلشات ھەسەن

# يىغىۋېلىش لاگېرىدا غايىب بولغان قىزىل كىيىملىك قىزچاق

ئىلشات ھەسەن

چەت ئەلگە چىقىشتىن ئىلگىرى، بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىدە «شىنلېرنىڭ تىزىملىكى» (**Schindler's List**) دېگەن فىلىمنىڭ سۈپەتسىز نەشرىنى كۆرگەنىدىم. فىلىم تۇتۇق، يەنە كېلىپ خىتايچە خېتىلا بار بولغاچقا، مەندە ھېچقانچە تەسىر قالدۇرمىغانىدى. ئامېرىكا كەلگەندىن كېيىن، بۇندىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى «شىنلېرنىڭ تىزىملىكى»نىڭ ئېنگلىزچە نۇسخىسىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. يەھۇدىيلار دۇچ كەلگەن قەتلىئام ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنچە مۇنەۋۋەر كۆرۈنىدىغان گېرمان خەلقىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھىتلېرنىڭ ئەسەبىيلىكى ۋە رەزىللىكىگە ئاۋاز قوشقانلىقىدىن ئېسەنكىرەپ قالدىم.

مېنىڭمۇ بىر قىزىم بارلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، «شىنلېرنىڭ تىزىملىكى» دېگەن فىلىمدىكى تىكەندەك يالغۇز قالغان، قەتلىئام يۈز بەرگەن كوچىدا مېڭىۋاتقان قىزىل كىيىملىك قىزچاقنىڭ كۆرۈنۈشى خېلى ئۇزۇنغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىگەنىدى.

2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مېنىڭ يۇرتۇم شەرقىي تۈركىستاندىمۇ يىغىۋېلىش لاگېرلىرى بارلىقى ئاشكارىلانغاندىن باشلاپ، ئوغۇل ـ قىزلىرىدىن جۇدا بولغان ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئاھۇ ـ زارلىرىنى كۆرگىنىمدە، ئاڭلىغىنىمدا؛ غايىپ بولغان پەرزەنتلىرىنىڭ رەسىملىرىنى كۆتۈرۈپ، كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك نالە ـ پەرياد قىلغىنىچە خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا ھوشىدىن كەتكەن ئۇيغۇر ئانىلارنى كۆرگىنىمدە، ھېلىقى قىزىل كىيىملىك قىزچاقنىڭ سىيماسى قەلبىمدىكى ئۆچمەس ئىزغا ئايلاندى.

راستىنى ئېيتسام، تاكى (شەرقىي تۈركىستاندا) يىغىۋېلىش لاگېرلىرى بارلىقى ئاشكارىلانغانغا قەدەر، مەن ئۆز مىللىتىمنىڭ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ يەھۇدىي پاجىئەسىگە قىسمەتداش بولۇپ، ناتسىستلارنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى بولغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنىڭ ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قېلىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم.

مەن ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتقان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، (بۇ جەھەتتە) بىرەر ئىش قىلىشىم كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇش چارىسىنى تېپىپ چىقىش، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ رەزىللىكىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئىزدىنىش مەقسىتىدە، ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا،

جۇملىدىن يەھۇدىي قەتلىئامغا ئالاقىدار كىتاب، ۋىدىيولارنى توپلاپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ كىتاب ئوقۇپ، ۋىدىيو كۆرۈشكە باشلىدىم ۋە شۇ ئارقىلىق چىقىشنى يولىنى ۋە جاۋابنى تاپماقچى بولدۇم.

يېقىندا، مەن خانىنا ئارېندىتنىڭ «ئايكمەن يېرۇسالىمدا: ئادەتلەشكەن رەزىللىك توغرىسىدىكى بىر پارچە دوكلات» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شۇنىڭغا ئالاقىدار ۋىدىيو ھۆججەتلىرىنى ئىزدىدىم ۋە يەھۇدىي قەتلىئامى جەريانىدىكى يەنە بىر قىزىل كىيىملىك قىزچاقنىڭ ھېكايىسىنى بايقىدىم. شۇنداقلا، بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇيقۇم قېچىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە ئەسلىمگە كېلەلمىدىم.

بۇ (يەنى كېيىنكى) قىزىل كىيىملىك قىزچاقنىڭ ھېكايىسىنى ئايكمەننى سوتقا تارتقان ئىسرائىلىيەلىك تەپتىش ئەمەلدارى سۆزلىگەنىدى. مەزكۇر تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، ئايكمەننىڭ سوتىدا گۇۋاھچىلار سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان باسقۇچقا كەلگەندە، يىغىۋېلىش لاگېرىدىن ئامان قالغان بىرەيلەن ئۆز ئائىلىسى دۇچار بولغان قىسمەتلەرنى بايان قىلغان. ئەينى چاغدا، ھەرقايسى جايلاردىكى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش يەھۇدىيلار يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ئاپىرىلغاندىن كېيىن، ناتسىستلار ئۇلارنى تۆرگە ئايرىغان. يەنى، ئۆزلىرى كارغا كېلىدۇ، دەپ قارىغانلارنى مەجبۇرىي قۇللۇق ئەمگىكىگە سېلىش ئۈچۈن ئېلىپ قېلىپ، كارغا كەلمەيدۇ دەپ قارىغانلارنى زەھەرلىك گازخانىغا، جەسەت كۆيدۈرۈش پېچلىرىغا يوللىغان.

مەزكۇر گۇۋاھچى ئائىلىسى بويىچە مەلۇم بىر يىغىۋېلىش لاگېرىغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىنژېنېر بولغانلىقى ئۈچۈن ناتسىستلار تەرىپىدىن ئېلىپ قېلىنغان ۋە ئوڭ تەرەپتە ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇلغان؛ ئۇنىڭ ئايالى ناتسىستلار تەرىپىدىن سول تەرەپتىكى كىشىلەرگە ئەگىشىپ مېڭىشقا بۇيرۇلغان؛ بۇ گۇۋاھچىنىڭ ئىككى يېرىم ياشلىق بىر قىزى بار بولۇپ، ناتسىستلار شۇ كىچىك قىزغىمۇ ئاپىسىغا ئەگىشىپ مېڭىشنى ئېيتقان؛ ئاندىن ناتسىستلار گۇۋاھچىنىڭ 11 ياشلىق ئوغلىنىمۇ (ئۆلتۈرۈلۈش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىلغان) ئاپىسىنىڭ قاتارىدىكىلەرگە يېتىشىۋېلىشقا بۇيرۇلغان.

گۇۋاھچى سوتتا شۇنداق دېگەن: «ئايالىم بىلەن ئوغلۇم جۇل ـ جۇل كىيىملەرنى كىيگەن كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئاستا ـ ئاستا كۆزۈمدىن غايىب بولدى. لېكىن، كىچىك قىزىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان قىزىل چاپىنىنى كىيىۋالغانىكەن. ئاشۇ قىزىل رەڭ كۆز ئالدىمدا بارغانسېرى كىچىكلەپ، ئاستا ـ ئاستا بىر چېكىتكە ئايلاندى ۋە ئاخىرىدا تولۇق غايىب بولدى... ئائىلەم، ئەنە شۇ رەۋىشتە كۆزۈمدىن غايىب بولدى».

ئىسرائىلىيەلىك تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ قىزىمۇ دەل ئىككى يېرىم ياشقا كىرگەنىكەن، شۇنداقلا شۇ سوتتىن يېرىم ئاي ئىلگىرى، ئۇمۇ قىزىغا بىر دانە قىزىل چاپان ئېلىپ بەرگەنىكەن. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ يىغىۋېلىش لاگېرىدىن ئامان قالغان مەزكۇر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، گېلىنى بىر نەرسە كېسىۋەتكەندەكلا، گەپ قىلالماي قالغان. پۈتۈن سوت زالى تىمتاسلىققا چۆمگەن.

مەزكۇر ۋەقەنى بايان قىلغاندا توقسان ياشقا كىرىپ قالغان تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ زىيارەت قىلغۇچىغا ئېيتىشىچە، ئۇ ئاشۇ سوتتىن كېيىن، كوچىدا، ئاشپۇزۇلدا ياكى باشقا جايلاردا، قىزىل كىيىم كىيۋالغان كىچىك قىزلارنى ياكى ئوغۇللارنى كۆرسىلا، يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىپ، يىغىۋېلىش لاگېرىدىن ئامان قالغان ھېلىقى كىشىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرى ۋە قىزىل كىيىملىك قىزچاق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىرلىنىپ، ئۇنى تەگسىز ئازاب قاينىمىغا سۆرىگەن.

مېنىڭمۇ بىر كىچىك قىزىم بار، مەنمۇ ئۇنىڭغا قىزىل كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىشنى ياقتۇرىمەن.

ھازىر، مەن دادىلىق سالاھىيىتىمدە، ھەر قېتىم قىزىمنىڭ قىزىل كىيىم كىيگىنىنى كۆرگىنىمدە، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ قۇربانلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، «شىنلېرنىڭ تىزىملىكى»دىكى ھېلىقى قىزىل كىيىملىك قىزچاق، ياكى ئايكمەننىڭ سوتىغا مەسئۇل تەپتىش ئەمەلدارى گېپىنى قىلغان ئىككى يېرىم ياشلىق كىچىك قىزچاقلا ئەمەس، بەلكى قىزىل كىيىم كىيگەن سانسىزلىغان كىچىك ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ.

ئالاھەزەل يېرىم يىل ئىلگىرى، ياۋروپادىكى بىر ئۇيغۇر باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇمنى تېپىپ، ماڭا تېلېفون قىپتۇ. ئۇ تېلېفوندا ئىككى قىزنى چەتئەلگە ئېلىپ چىقالمىغانلىقى توغرىسىدا دەرت تۆكۈپ، قىزلىرىغا ئازراق پۇل ئەۋەتىپ بېرىشكە ياردەم قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقىمنى سورىدى. ئۇ مېنىڭ خىتايلار بىلەن خېلى كۆپ باردى ـ كەلدى قىلغىنىمغا قاراپ، بۇ ئىشتا ئەسقاتقۇدەك بىرەر ـ ئىككى دوستى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىكەن. مەن دەرھال ئۆزۈم ئىشەنچ قىلالايدىغان خىتاي دوستلارنى سەپەرۋەر قىلدىم ۋە ئاخىرىدا بۇ ئىشقا ياردەم قىلىشنى خالايدىغان خىتايدىن بىر تاپتىم. پۇلمۇ ئۇنىڭ قىزلىرىنىڭ قولىغا تەگدى.

ۋەھالەنكى، بۇ ئۇيغۇر دادا يەنىلا تەلەيلىك ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسى ئىككى قىزىغا قارايدىكەن. گەرچە ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنتلەر بىردەك ھالدا جۇدالىق دەردىدە پۇچۇلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يېنىدا ئىدى ۋە ئۇلارنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ، پۇل سېلىپ بەرگىلى بولاتتى.

ئەمما، يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ.

تۈركىيەدىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ ئايالى 2017 ـ يىلى تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن ۋەتەنگە قايتقان ۋە شۇ كەتكەنچە، خۇددى غايىب بولغاندەكلا، زىنھار ئىز ـ دېرىكى بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن، بۇ كىشى توختىماي ئايالى بىلەن بالىسىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلغان ۋە 2019 ـ يىلى خىتاينىڭ «مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»دا قويۇلغان «بەختلىك ئۇيغۇر باللار يېتىمخانىسى (دارلئېتامى) تۇرمۇشى» دېگەن

پروگراممىدا، كىچىك ئوغلىنىڭ ئاشۇ ئاتالمىش «پەرىشتىلەر يېتىمخانىسى»دا ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئەمما، ئايالىدىن يەنىلا خەۋەر ئالالمىغان.

ئايال ـ بالىلىرى بىلەن ئايرىلىپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان ئاۋستىرالىيەدىكى مامۇتجان ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىڭبىر تەسلىكتە CNN نىڭ مۇخبىرى ئارقىلىق ئون ياشلىق قىزىنىڭ يىغا ـ زارىسىنى، ئۇنىڭ ئاۋستىرالىيەدىكى دادىسىغا، خىتاينىڭ يىغىۋېلىش لاگېرىدا غايىب بولغان ئاپىسىغا بولغان سېغىنىشلىرىنى ئاڭلىغان. لېكىن، تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، مامۇتجان ئايالى ۋە قىزىغا بولغان سېغىنىش، شۇنداقلا (خىتاينىڭ بۇ زۇلمىغا بولغان) قايغۇ ـ نەپرەت ئىلكىدە پۇچۇلىنىۋاتقاندا، ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتەر ـ ئۆتمەستىن، خىتاينىڭ «يەرشارى تېلېۋىزىيە تورى»دا خىتاي مۇخبىرلىرى تەرىپىدىن مەجبۇرىي «بەختلىكلەشتۈرۈلگەن» كىچىك قىزىنىڭ ئۇنى ئەيىبلىگەنلىكىنى كۆرگەن.

يەنە شۇ گۇرۇپپىدىكى CNN مۇخبىرلىرى ئىتالىيەدە ياشاۋاتقان بىر ئۇيغۇرنىڭ تۆت پەرزەنتىنى تاپقان بولۇپ، بۇ بالىلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «يېتىمخانا»سىغا بەند قىلىنغانىدى. (مەزكۇر مۇخبىرلار تارتقان) يېتىمخانىدىكى بۇ تۆت بالىنىڭ قوللىرىدا «دادا، ئاپا! سىلەرنى سېغىندۇق» دېگەن خەتلەر يېزىلغان تاختىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان سۈرىتى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان چەكسىز سېغىنىشىنى ئىپادىلىگەن.

(پەرزەنتلىرىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان) بۇ ئۇيغۇر ئەر ـ ئايالنىمۇ نىسبەتەن بەختلىك دېمەي بولمايتتى، چۈنكى ئۇلار ھېچبولمىسا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ دېرىكىنى قىلالىغان، پەرزەنتلىرىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئىدى. ھالبۇكى، يەنە سانسىزلىغان ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇرۇق ـ تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ۋەتەنگە قايتىدىغان ئايروپىلانغا چىققان پېتى، ئىككىنچىلەپ ئىز ـ دېرىكى بولمىغان ۋە شۇ كەتكەنچە نە ئۆلۈكى، نە تىرىكى كۆرۈنمىگەن.

ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىن كېيىن پەيدا بولغان مەسىلە ئەمەس. 2009 ـ يىلىدىكى «5 ـ ئىيۇل قەتلىئامى»دىن كېيىن، بالىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلار يوقاپ كەتكەن. ئۇيغۇر ئانا پاتىگۈل 2009 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئۆيىدىن ئېلىپ كېتىلگەن ئوغلىنىڭ دېرىكىنى قىلغان ۋە 2014 ـ يىلى ئۆزىمۇ مەخپىي سوتلانغان ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن، پەرزەنتىنى تاپالمىغان بۇ ئانىمۇ خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانىدا غايىب بولغان.

ئۇيغۇر ئانا پاتىگۈلنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ مۇخبىرغا ئېيتقان شۇ سۆزلىرى پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ: «مەن پەلەستىندىكى، سۈرىيەدىكى ئانىلارغا ھەۋەس قىلىمەن، چۈنكى ئۇلار ھېچبولمىسا ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلالايدۇ. مېنىڭ پەقەت بالامنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنىلا بىلگۈم بار. ئەگەر بالام ئۆلگەن بولسا، جەسىتىنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار. مەن پەقەت ئوغلۇمنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈپ، ئۆز قولۇم بىلەن دەپنە قىلىشنىلا ئويلايمەن».

خىتايچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.rfa.org/mandarin/pinglun/jujiaoweiwuer/ylxt-03302021094038.html



# ياقۇپ بەگنىڭ ئەنگلىيە بىلەن ئورناتقان مۇناسىۋىتى

سەرخات دوئان

# ياقۇپ بەگنىڭ ئەنگلىيە بىلەن ئورناتقان مۇناسىۋىتى

سەرخات دوئان

ياقۇپ بەگ ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، خانلىقنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مەسىلىلىرى ھەققىدە كاللا قاتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇزۇلغان تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ دەۋردىكى چوڭ دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ كويىدا ئىدى. ئۇ ئۆزى سىياسىي ئالاقىدە بولغان دۆلەتلەر بىلەن سودا مەسىلىلىرىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا ئالاھىدە كۈچەپ، ئۆزى ئۈچۈن تەڭپۇڭ ۋەزىيەت ھاسىل قىلىشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ ھەربىي يۈرۈشلەرنى پائال داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قويۇق دىپلوماتىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىدىكى ئەڭ چوڭ مەقسىتى — قۇرغان دۆلىتىنى سىياسىي سەھنىدىمۇ قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە قىلىش ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇ شۇ ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزىگە قاراتقان بېسىمىنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىتىشنى ئويلايتتى. ئۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھەم چاررۇسىيە، ھەم ئەنگلىيە بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھالەت ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. چۈنكى، ئەنگلىيەمۇ، چاررۇسىيەمۇ رايوندىكى مەنپەئەتلىرىنىڭ تەقەززاسى سەۋەبلىكلا، مەزكۇر خانلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كۆز يۇمۇۋاتقانىدى. بولۇپمۇ، ئەنگلىيە ۋە چاررۇسىيە مەنپەئەت ئورتاقلىقى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى چوڭ دۆلەت ئارىسىدىكى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنىڭ جەڭگاھىغا ئايلانغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن ھالقىلىق رول ئوينىغان ياقۇپ بەگ ئۆز سەلتەنىتىنى ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالمىدى. شۇ ۋەجىدىن، مەنچە ئەنگلىيەنىڭ بۇ رايونغا بولغان قىزىقىشىنى چۈشىنىش قىلىپ تۇرۇپ، بۇ مەسىلە ئۈچۈن مۇھاكىمە ئاساسى شەكىللەندۈرۈش مۇھىم.

## ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر

### ئەنگلىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسەتلىرى

ئەنگلىيە مۇستەملىكە سىستېمىسىنى ئەڭ دەسلەپتە بەرپا قىلغان دۆلەتلەردىن بىرى بولۇپ، ئارال دۆلىتى بولغانلىقى سەۋەبلىك، كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيەسىگە ئىگە ئىدى. شۇنداقلا، ئۇلار قىسقا مۇددەت ئىچىدە، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرغۇدەك سەۋىيەگە يەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئافرىقا، ھىندىستان ۋە ئاۋستىرالىيەگە قەدەر سوزۇلغان بىپايان مۇستەملىكە ئىمپېراتورلۇقىنى قۇرغانىدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بابۇر دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ھىندىستاندا سىياسىي ئىرادىنىڭ سۇسلىشىشى دەسلەپتە پورتۇگالىيەنىڭ بۇ رايوننى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا، شۇنىڭدىن بىر قانچە ئەسىر كېيىن ئەنگلىيەنىڭ پۈتۈن ھىندىستان زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا سەۋەب بولدى. ئەنگلىيە بۇ يەردە قولغا كەلتۈرگەن بايلىقلار دەسلەپتە نۇرغۇن ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ بۇ يەرگە بولغان قىزىقىشىنى كۈچەيتىۋەتتى. مۇستەملىكىچىلىك رىقابىتىدە ئەنگلىيەگە ئوخشاش يول تۇتقان فرانسىيە مەزكۇر رايوننى ئەنگلىيەنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى. ھالبۇكى، فرانسىيەنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما دېڭىز ئارمىيەسى ئاجىز بولغاچقا، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسى بىلەن پۈت تىپىشەلمەيتتى. شۇ ۋەجىدىن، ناپالېئون 1807 ـ يىلى، چارپادىشاھقا ئىككى دۆلەت (چاررۇسىيە بىلەن فرانسىيە) بىرلەشمە ئارمىيە تەسىس قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ھىندىستاننى تارتىۋېلىپ، ئۆزئارا بۆلۈشۈش توغرىسىدا بىر تەكلىپ سۇندى (1).

ياۋروپامۇ، چاررۇسىيەمۇ ــ جۇغراپىيەلىك شەرت ـ شارائىتلارنىڭ ئۇيغۇن ئەمەسلىكىگە قارىماستىن ــ بىردەك ھالدا ھىندىستانغا كۆز تىكىپ باققانىدى. بۇ دەۋردە، ھىندىستاندىكى تەسىرى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىغان ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ھىندىستاندىن شىمالغا، يەنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. مەزكۇر رايون 15 ـ ئەسىردىن كېيىن سىستېمىلىق ھالدا چاررۇسىيەنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ ھىندىستاندىكى مۇستەملىكە سىستېمىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغىچە كېڭەيتىپ، بۇ يەردىمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن يېڭى بازار ئېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى.

## چوڭ ئويۇن ۋە ياقۇپ بەگ بىلەن بولغان تۇنجى ئۇچرىشىش

چاررۇسىيەنىڭ مەزكۇر رايوندىكى مەۋجۇتلۇقى ئەنگلىيەنى ھەرۋاقىت بىئارام قىلاتتى. ھەتتا، ئەنگلىيە شۇ سەۋەبتىن، ئوسمانلى ـ چاررۇسىيە ئۇرۇشى جەريانىدا، ئاساسلىقى ئوسمانلى تەرەپتە تۇرۇپ، چاررۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرىنى ئاجىزلىتىشقا ئۇرۇنغانىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چاررۇسىيە بىلەن بولغان مۇجادىلىسىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مەزكۇر رايوندىكى مول تەبىئىي بايلىقلار ۋە كەڭ بازار ئىدى. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئويۇنىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولسا ئافغانىستان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاررۇسىيەنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى تۈرك قەۋملىرىنى

قولـلاپ، چارروُسـيەگە قـارشـى كۆرەش قـىلـغانـلار بـىلەن ھەمـكارلاشـقانـدى. ئۇلارنـىڭ يـاقۇپ بەگ ۋە ئۇ قەشقەردە قۇرغان خانلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ شۇ سەۋەبلىك باشلانغانىدى.

ئەنگلىيە بۈگۈنكى تاجىكىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ئىران ۋە شەرقىي تۈركىستان زېمىنلىرىدا چارروُسىيەنى تىزگىنلەش مەقسىتىدە باشلىغان بۇ مۇجادىلە «چوڭ ئويۇن» (The Great Game) دەپ ئاتالغانىدى (2). ئەنگلىيەلىك لېيتېنانت ئارتۇر كونولىي (Arthur Conolly) بۇخارادا ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، ئەنگلىيەنىڭ بۇ رايونىدىكى سىياسەتلىرىگە ئاشۇنداق نام بېرىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇجادىلىلىرىمۇ شۇنداق ئاتىلىپ كەلگەنىدى.

ئەنگلىيەنىڭ بۇ مۇجادىلىلىرى 1840 ـ يىلى ئافغانىستاننى ئىشغال قىلىش بىلەن باشلانغانىدى. چارروُسىيە 1854 ـ يىلى قىرىم ئۇرۇشىدا ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى بىلەن بىر سەپتە تۇرغان بىرلەشمە ئارمىيەگە يېڭىلگەندىن كېيىن، (كېڭەيمىچىلىك) لىنىيەسىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا بۇراپ، قوقەند، بۇخارا ۋە خىۋە خانلىقلىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇ دەۋردە، ئەنگلىيەدە ھاكىمىيەت تەختىدە ئولتۇرغان لىبېراللار چارروُسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ شىددەتلىك كېڭەيمىچىلىكىگە ئېتىراز بىلدۈرمىدى ۋە چارروُسىيەنىڭ ئىلى ۋادىسىدىن باشقا، بارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىشىغا كۆز يۇمدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىشغالىيەتچىلىككە ئېتىراز بىلدۈرمەسلىكىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلەردىن بىرى ھىندىستان باش ۋالىيسى سىر جون لاۋرېنسنىڭ (Sir John Lawrence) ئىككى ئادىمىنىڭ بۇخارا خانى نەسرۇللاھ خان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئىدى. لاۋرېنس 1841 ـ يىلى لېيتېنانت ئارتۇر كونولىي ۋە پولكوۋنىك ستودارتنى بۇخارا خانىغا ئەلچى سۈپىتىدە ئەۋەتكەن ۋە چارروُسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شىددەتلىك كېڭەيمىچىلىكىگە قارىتا (بۇخارا خانى بىلەن) ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى، ئىككى تەرەپنىڭ ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمى ئىمزالاش ئارقىلىق، بۇ كېڭەيمىچىلىكنى توختىتالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. لېكىن، بۇخارا خانى بۇ تەكلىپكە ئىككى ئەلچىنىڭ بېشىنى كېسىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇردى. نەتىجىدە، بۇ ئەھۋال ئالدى بىلەن ھىندىستان باش ۋالىيسىنىڭ ۋە ئارقىدىن ــ ئۇ يوللىغان دوكلاتلار سەۋەبلىك ــ ئەنگلىيە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تۈركىستاندىكى خانلىقلارغا بولغان كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى (3).

بۇ مەزگىلدە، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا ئالاقىدار تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان ۋىلىيام ھېنرىي جونسون (William Henry Johnson) ھىندىستان باش ۋالىيسى لاۋرېنس بىلەن كۆرۈشكەندە، شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ، بىر قاتار ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلمىدى. لېكىن، ئۇ شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن ئاۋۋال خوتەنگە، ئاندىن ياركەنت (يەركەن)گە بېرىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ يەردىكى تەتقىقاتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن كالكۇتاغا (ھىندىستاندىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ يەر تاكى 1911 ـ يىلغىچە ئەنگلىيەنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى ھىندىستاننىڭ پايتەختى ئىدى، ت) قايتىپ كەلگەن جونسون ئۇ يەردىكى تەسىراتلىرىنى ھىندىستان باش ۋالىيسىغا تونۇشتۇردى. ئەنگلىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ھەم تىجارەت، ھەم سىياسەت

جەھەتتە نوـپۇز تىكلىيەلەيدىغانلىقىنى. ئىلگىرى سۈرگەن جونسون چاررۇسىيەنىڭ بۇ يەردە پەقەتلا ئالقىشلانمايدىغانلىقىنى، ئەمما شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، رۇس ھەربىي قوماندانلارنىڭ قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن رايون مىقياسىدا تىجارەتچى سياقىدا كىرىپ يۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى (4). شەرقىي تۈركىستان بۇ چاغدا تېخى چاررۇسىيەنىڭ بېسىمى ئاستىدا قالمىغانىدى. گەرچە غەربىي تۈركىستاندىكى خانلىقلار چاررۇسىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما خېلى بۇرۇنلا چاررۇسىيەنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان بولغاچقا، ئەنگلىيە چاررۇسىيەگە قارشى مۇجادىلىسىدە (يەرلىكلەردىن) ياردەمگە ئېرىشەلمەيۋاتاتتى. شەرقىي تۈركىستاندا بولسا، رۇسلار ياقتۇرۇلمايدىغان كىشىلەر ھېسابلىناتتى. بۇ خىل ھالەت ئەنگلىيەنىڭ بۇ يەردىكى سىياسىي كۈچلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىغا زېمىن ھازىرلىغانىدى.

جونسوننىڭ ئېيتقانلىرى ھىندىستاندىكى ئېنگلىز ھوقۇقدارلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ دىققىتىنى مەزكۇر رايونغا ئاغدۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا قىزىقىشقا باشلىدى ۋە بۇ يەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش كېرەك، دەپ قاراشتى. لىبېرال ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن ھىندىستان باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن لاۋرېنس دەسلەپتە بۇ پىكىرگە ئانچە قىزىقمىغان بولسىمۇ، قەشقەردىن كەلگەن بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ياقۇپ بەگ 1866 ـ يىلى ھىندىستان باش ۋالىيسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ھىندىستان بىلەن قەشقەر ئارىسىدىكى تىجارەت يوللىرىنىڭ بىخەتەرلىكى خۇسۇسىدا بىر كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن، (ئەنگلىيە تەرەپتىن) ھوقۇقلۇق ۋەكىلدىن بىرنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلدى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى ياقۇپ بەگنىڭ بۇ تۇتۇمىغا ئىجابىي ئىنكاس قايتۇرۇپ، دوكتور ھېنرىي كايلېينى (Henry Cayley) 1867 ـ يىلى قەشقەرگە ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەنە شۇ تەرىقىدە باشلاندى. كايلېي تاكى 1869 ـ يىلىغا قەدەر بۇ يەردە تۇرۇپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى (5).

ياقۇپ بەگ 1868 ـ يىلى ھىندىستانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتمەكچى ۋە سىياسىي دوستلۇق ئورناتماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. پەنجاپ ئەمىرى سىر جون دوگلاس فورسىيسنىڭ (Sir John Douglas Forsyth) ئارىغا كىرىشى بىلەن، ياقۇپ بەگنىڭ بۇ تەكلىپى باش ۋالىي لاۋرېنس تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. روبېرت شاۋنى (Robert Shaw) سودا كېلىشىملىرى ئىمزالاش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىش قارار قىلىندى (6).

## سودا ھەمكارلىقى ۋە روبېرت شاۋنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى

روبېرت شاۋنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلەر ئۆمىكىدىن ئورۇن ئېلىشى تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يىللاردا، شەرقىي تۈركىستانغا بارغان دوگلاس فورسىيس بىلەن بىللە بۇ يەرگە كەلگەن روبېرت شاۋ ھەم بۇ رايوننى پىششىق بىلەتتى، ھەم تۈركىستان زېمىنىدا تىجارەت

قىلىش جەريانىدا ناھايىتى ياخشى دوستلۇق تورى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇنىڭ پېتەكچىلىكىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۆز نۆۋىتىدە بۇ رايونغا قارىتىلغان سەممىيەتنىڭمۇ ئىپادىسى ئىدى. روبېرت شاۋنىڭ ھېنز (Henze) تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان، تۈركىستانلىق سودىگەرلەرگە ئالاقىدار كۆز قاراشلىرى ئۇنىڭ بۇ رايون بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنىڭ دالالىتىدۇر. ئۇنىڭغا كۆرە، «تۈركىستانلىق تىجارەتچىلەر ئېنگلىزلاردىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ئەدەب ۋە سالاپەتكە ئىگە، باردى ـ كەلدى قىلىشقا ۋە سەممىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا مايىل كىشىلەر ئىدى» (7). لېكىن، ئېنگلىز ھۆكۈمدارلار روبېرت شاۋدەك ئويلىمايتتى ۋە تۈركىستان زېمىنىدىكى ئىنسانلارنى قالاق قەۋملەر دەپ قارايتتى. لېكىن، خان جەمەتى ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ رايونغا ئالاھىدە قىزىقىشى بار بولۇپ، روبېرت شاۋ ئەنە شۇلاردىن بىرى ئىدى. شۇنداقلا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ زىيارەتلىرى جەريانىدا نۇرغۇن تارىخىي ئەسەرلەرنى لوندونغا ئەۋەتىۋېتىشكە مۇۋەپپەق بولغانىدى. تارىخىي ئەسەرلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىن تۆگە كارۋانلىرى ئارقىلىق كالكۇتاغا توشۇلاتتى. ئەنگلىيەنىڭ ياقۇپ بەگ بىلەن سىياسىي ھەمكارلىق ئورنىتىشنى خالىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرىمۇ مۇشۇ خىل تىجارەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئىستىكى ئىدى. ھالبۇكى، (شەرقىي تۈركىستان خەلقىدەك) مەۋجۇتلۇق مۇجادىلىسى قىلىۋاتقان بىر قەۋمنىڭ نەزىرىدە تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئۇنچە زور قىممىتى يوق ئىدى. ئەمما، تىجارەت ئېنگلىزلارنىڭ بىرىنچى نىشانى ئىدى.

روبېرت شاۋ ئۆز ئۆمىكى بىلەن بىللە قەشقەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ياقۇپ بەگ بىلەن كۆرۈشتى. بۇ ئۇچرىشىش روبېرت شاۋغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. مەزكۇر ئۇچرىشىشتىكى مەلۇم بىر دىيالوگ تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەنگەن:

1869 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ياقۇپ بەگ بىلەن ئوردىدا كۆرۈشەلەيدىغانلىقىم توغرىسىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار مېنى شەھەرگە باشلاپ بېرىشتى. ئالاھەزەل ئوتتۇز ـ قىرىقچە ئوردا خادىمى مەن ئېلىپ كەلگەن سوۋغا ـ سالاملارنى خاننىڭ (ياقۇپ بەگنى دېمەكچى، ت) ھۇزۇرىغا ئەكىرىشتى. مەن ئۆزۈم يالغۇز ئوردا خادىملىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئالدىمغا ماڭدىم. مەن ياقۇپ بەگكە يېقىن كەلگىنىمدە، ئۇ يېرىم تىزلانغان ھالدا (ياقۇپ بەگ ئەسلىدە بەداشقان قۇرۇپ ياكى يۆكىنىپ ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن، ت)، مېنى ئىككى قوللاپ تۇتتى.

* * *

ياقۇپ بەگ كۆڭۈلمىسىرىگىنىچە، ئۇنىڭ سەپىرىنىڭ قانداقراق ئۆتكەنلىكىنى سورىدى. روبېرت شاۋ جاۋابەن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ پارىسچىسىنىڭ دېگەنىدەك ياخشى ئەمەسلىكى ئۈچۈن ئۆزۈر سورىدى. ئەمما، ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭقىرالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۆز دۆلىتى (يەنى ئەنگلىيە)نىڭمۇ چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ باققانلىقىنى ئېيتقان روبېرت شاۋ ياقۇپ بەگنى چىڭ سۇلالىسىغا قارشى

زەپىرى ۋە تۈركىستاندا يېڭىدىن بىر مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرغانلىقى ئۈچۈن تەبرىكلىدى. روبېرت شاۋ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئەمەس، بەلكى شەخسىي سالاھىيەتتە كەلگەنلىكىنى؛ شۇنداقلا، ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنىڭ ئىككى دۆلەت (يەنى ئەنگلىيە بىلەن قەشقەر خانلىقى) ئارىسىدىكى سودا مۇناسىۋەتلىرىنى، بولۇپمۇ چاي تىجارىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇ خۇسۇسلاردا تەپسىلىي سۆھبەتلىشىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ياقۇپ بەگ روبېرت شاۋغا بىر قانچە كۈن ئارام ئېلىشنى جېكىلەپ، بۇ خۇسۇستا كېيىنچە پاراڭلاشسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، روبېرت شاۋ كېيىنكى قېتىم كۆرۈشكەندە ئارىسىدا بىر تەرجىمان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ياقۇپ بەگ: «ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ئۈچىنچى شەخسنىڭ كېرىكى يوق. دوستلۇقنىڭ تەرجىمانغا نېمە ھاجىتى؟» دەپ جاۋاب بەردى ۋە روبېرت شاۋغا تولىمۇ كاتتا زىياپەت بەردى (8).

روبېرت شاۋ قەشقەردە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، ئەنگلىيەلىك لېيتېنانت جورج ھايۋاردىنىڭمۇ (George Hayward) مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندى. ئەمما، بۇ ئىككىسى ئۆزئارا كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىككى سەيياھ بىر ـ بىرىنىڭكىدىن پەرقلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغانىدى. ھايۋارد ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستانغا ھەربىي ئۈچۈر توپلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنىدى. روبېرت شاۋ قەشقەردىكى ئۇچرىشىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ھىندىستانغا قايتتى ۋە چاررۇسىيەنىڭ بۇ رايوندىكى ئەھۋالىنى، ياقۇپ بەگنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ئەگەر ياقۇپ بەگ بولمايدىغان بولسا، چاررۇسىيەنىڭ ئەنگلىيەگە تەۋە رايونلارغىمۇ تەھدىت سېلىشى مۇمكىنلىكىنى (لاۋرېنس قاتارلىق) ھوقۇقدارلارغا يەتكۈزدى. لېيتېنانت ھايۋارد يەتكۈزگەن مەلۇماتلارمۇ روبېرت شاۋنىڭكى بىلەن بىردەك ئىدى (9).

### رەسمىي مۇناسىۋەتنىڭ باشلىنىشى

ئەنگلىيەدىكى لىبېرال ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇلۇپ، كونسېرۋاتىپلار ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش مۇستەملىكە رايونلارغا دەرھال ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، ھىندىستان باش ۋالىيسى لاۋرېنس ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى ۋە ئورنىغا لورد مايو (Lord Mayo) تەيىنلەندى. روبېرت شاۋ ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىنى يېڭى باش ۋالىيغا ئېيتىپ، ئۇنى شەرقىي تۈركىستانغا يېڭىدىن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىشكە كۆندۈردى. T.D فورسىيس، G ھېندېرسون ۋە A.O خيۇم قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئۆمەك 1871 ـ يىلى قەشقەرگە بارغىنىدا، ياقۇپ بەگ سەپەردە بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەي قايتىپ كېتىشتى (10).

ياقۇپ بەگ سەپەردىن قايتقاندىن كېيىن بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، سەييىد ئەھرارنى ھىندىستان ۋالىيسىغا ھەمدە ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىغا خىتابەن يېزىلغان مەكتۇپ بىلەن ھىندىستانغا ئەۋەتتى. ياقۇپ

بەگ خېتىدە دوستلۇقنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئېنگلىز ھوقۇقدارلارنى قەشقەرگە دەۋەت قىلدى. چارروسىيەنىڭ بېسىمى سەۋەبىلىك بۇ رايوندا قىيىن ئەھۋالدا قالدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ياقۇپ بەگ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئارقىلىق، بۇ رايوندا (ئەنگلىيە بىلەن چارروسىيەدىن ئىبارەت) ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق ھاسىل قىلىشنىڭ كويىدا ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە ئەنگلىيەنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىدىنمۇ پايدىلىنىشنى ئويلايتتى. چۈنكى، شۇنداق بولغاندا، ئۇ چارروسىيەگە قارشى ھەم ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ، ھەم ئەنگلىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيتتى. ئۇنىڭ ئەنگلىيە بىلەن ئورناتقۇسى دوستلۇقى چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان تىجارىتىگىمۇ ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەتتى. قەشقەرلىك تىجارەتچىلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ بازارلىرىدا سانى ئاز بولسىمۇ، كۆچلۈك تەسىرگە ئىگە ئېنگلىز تىجارەتچىلەر بىلەن ئېلىم - سېتىم قىلىشتىن نەپ ئالاتتى. ئەمەلىيەتتە، ياقۇپ بەگ ئەنگلىيە، چارروسىيە ۋە چىڭ سۇلالىسى ئارىسىدا ئۆزى ئۈچۈن تېگىشلىك بوشلۇقنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى (11).

بۇ مەزگىلدە، چارروسىيە بىلەن تىجارەت كېلىشىمى ئىمزالاشقان ياقۇپ بەگ، ئۆزىنىڭ چارروسىيەنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان «ئەنگلىيە»دىن ئىبارەت كوزىرى بارلىقىنى ھەرۋاقىت گەۋدىلەندۈرۈپ، رۇس ھوقۇقدارلارغا ئۆزلىرىنىڭ «ۋاز كېچەلمەس» ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا تىرىشتى (12). ياقۇپ بەگ 1872 - يىلى چارروسىيە بىلەن بۇ كېلىشىمنى ئىمزالاپ بىر يىلدىن كېيىنلا، فورسىيس باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قەشقەرگە كېلىشى ۋە ياقۇپ بەگ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى چارروسىيەنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويىدى.

فورسىيس ۋە ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى ئۆمەك قەشقەرگە كەلگەندە، ياقۇپ بەگ چارروسىيەنىڭ بېسىمى ئاستىدا قالغانىدى. ياقۇپ بەگ چارروسىيە بىلەن ئىمزالاشقان سودا كېلىشىمى چارروسىيەنىڭ قەشقەر خانلىقىنى سىياسىي جەھەتتىن تونۇشىغا تۈرتكە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بېسىمىنىمۇ (باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، نوپۇزى ۋە تەسىرىنىمۇ) كۈچەيتىۋەتكەنىدى. شۇڭا، ياقۇپ بەگ ئەنگلىيە ئارقىلىق چارروسىيەنىڭ بۇ نوپۇزىنى سۇندۇرۇشنى ئويلايتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئۆزىنىڭ مەكتۇپىغا ئەنگلىيە تەرەپتىن بۇنداق بىر جاۋاب كېلىشى (يەنى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىلىشى) ياقۇپ بەگنى خۇش قىلىۋەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە، فورسىيس ۋە روبېرت شاۋ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئىنتايىن ئىجابىي كۆز قاراشتا بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىسى ياقۇپ بەگنىڭ بۇ پىلانىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى مەزكۇر رايوندىكى ئۆزىگە قارىتىلغۇسى رۇس تەھدىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياقۇپ بەگكە ياردەم بەرمەكچى بولغانىدى. لېكىن، مەزكۇر رايوندا ئېلىپ بېرىلغان زىيارەت ۋە تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە، چارروسىيەنىڭ جەنۇبقا كېڭىيىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىن ئەمەس، بەلكى ھىندىقۇش تاغلىرى بىلەن پامىر ئېگىزلىكىدىكى يوللاردىن پايدىلىنىشى مۇمكىنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى (13). ئەمما، چارروسىيەنىڭ ئىلى ۋادىسىدا قەلئەلەرنى بىنا قىلىپ، بۇ رايوننى ئىزچىل تەھدىتكە ئۇچرىتىشى يەنىلا ئەنگلىيە دائىرىلىرىنى بىئارام قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئەنگلىيەنىڭ بۇ رايوندىكى مۇددىئاسى تەدرىجىي ھالدا

«تىجارەت» قاتلىمىدىن ھالقىپ، سىياسىيلىششقا باشلىدى ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش مۇددىئاسى چاررۇسىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ياقۇپ بەگنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش بولۇپ قالدى (14).

1872 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ھىندىستان باش ۋالىيسى لورد مايو ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، سۈيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلدى. يېڭىدىن ئەۋەتىلگەن باش ۋالىي لورد نورسبرۇك (Lord Northbrook) سابىق ۋالىي مايونىڭ سىياسەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇ ۋەجىدىن، ئەنگلىيەنىڭ قەشقەر ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئىبارەت سىياسىي تەرزى داۋاملاشتى. ياقۇپ بەگ ئىستانبۇلغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن سەييىد ياقۇپ تۆرە ئارقىلىق ھىندىستان ۋالىيسىغا بىر مەكتۇپ يوللىدى ۋە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا توختالدى. يېڭى ۋالىي شەرقىي تۈركىستاندا زور ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن تەقدىردىمۇ، سىياسىي نوپۇز رايونى شەكىللەندۈرۈشنىڭ كويىدا ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، كالكۇتادا يېڭىدىن ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەش قارار قىلىندى ھەمدە 500 ئۇلاغ يۈك ۋە 350 دىن كۆپرەك ئادەمنى بار بۇ زور ئۆمەك 1873 ـ يىلى يولغا چىقتى. شۇنداقلا، ياقۇپ بەگ ئۈچ ئايدىن كېيىن قەشقەرگە يېتىپ بارغان بۇ ئۆمەك ئۈچۈن رەسمىي قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى (15).

ئەڭ ئاخىرىدا، 1874 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، قەشقەر ـ ئەنگلىيە تىجارەت كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، رەسمىي كۈچكە ئىگە قىلىندى (16). مەزكۇر كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى 1872 ـ يىلى چاررۇسىيە بىلەن ئىمزالانغان كېلىشىمنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. چاررۇسىيەگە بېرىلگىنىگە ئوخشاش سودا ئىمتىيازلىرى ئەنگلىيەگىمۇ بېرىلگەنىدى. ئەمما، مەزكۇر كېلىشىمدە ئەنگلىيەگە (چاررۇسىيەگە بېرىلمىگەن) ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىلگەنىدى. چاررۇسىيە بىلەن ئىمزالانغان كېلىشىمدە، ھەر ئىككى دۆلەت چېگراغا كارۋان بېشى قويىسا بولاتتى. لېكىن، بۇ كارۋان بېشىلىرىنىڭ ھوقۇقى پەقەت سودا پائالىيەتلىرى بىلەنلا چەكلىنەتتى. ھالبۇكى، ئەنگلىيە بىلەن ئىمزالانغان كېلىشىمدە، باش ئەلچى ۋە كونسۇللارغا شەرقىي تۈركىستاندا رەسمىي دىپلوماتلارنى ھەمدە سودا ھوقۇقلىرىغا ئىگە سودا مەسئۇللىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھوقۇقى بېرىلگەنىدى. بۇنىڭدىن سىرت، تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلىتىش، قەشقەرلىك تىجارەتچىلەرنىڭ ھىندىستان بازىرىغا كىرىشى ۋە ھىندىستانلىق تىجارەتچىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدە سودا قىلىش ھەقلىرى بىردەك قوغدىلاتتى.

ئەنگلىيە مەزكۇر كېلىشىم ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ ـ كۆلەمدە ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ھەمدە شۇ ئارقىلىق رۇسلارنى ۋە بۇ رايوندىكى رۇس تەھدىتىنى تېخىمۇ يېقىندىن كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيەلىكلەر قەشقەردە ياقۇپ بەگنىمۇ يېقىندىن كۆزىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىي قىسىملارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتلىرى قەشقەر ئارمىيەسىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىگەنلىكىنى نامايەن قىلغانىدى. «لوندون سۈرەتلىك گېزىتى»گە (The Illustrated London News) بېسىلغان «قەشقەر ئارمىيەسى» (The Army of Kashgar) ماۋزۇلۇق

ماقالىدە، قەشقەر قوشۇنلىرىنىڭ ياقۇپ بەگكە قاتتىق ئىتائەت قىلىدىغانلىقى، ئەمما ئىچكى جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىقى تىلغا ئېلىنغاندى (17). شۇنداقلا، ئەگەر مەزكۇر قوشۇننىڭ تۈزۈلمىسى ۋە ئىشلىتىۋاتقان قوراللىرى ئىسلاھ قىلىنمىسا، چارروسىيەنىڭ بولغۇسى ھۇجۇملىرىغا قارشى تۇرالمايدۇ، دەپ قارالغاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەنگلىيە مەتبۇئاتلىرىدا شەرقىي تۈركىستانغا قارىتا زور قىزىقىش دولقۇنى قوزغالدى. ئەنگلىيە گېزىتلىرىدە باشلانغان «شەرقىي تۈركىستان قىزىقىشى» بارغانسېرى كۈچەيدى، بولۇپمۇ ئەنگلىيە ـ شەرقىي تۈركىستان ئارىسىدا ئورنىتىلغان مۇناسىۋەتلەر ۋە ياقۇپ بەگ توغرىسىدا نۇرغۇن ماقالىلەر يېزىلدى. «يورك ھېرالد» گېزىتى (18) فورسىيس ۋە روبېرت شاۋنى «ماركو پولودىن 600 يىل كېيىن، بۇ رايوننى بايقىغان سەيياھلار» دەپ ئاتىدى. «سەھەر گېزىتى» (Morning Post) (19) شەرقىي تۈركىستاننى «كەشمىرنىڭ يېنىدىكى باي ۋە مۇنبەت تۇپراق» دەپ تەرىپلىدى. بۇ گېزىتلەر ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر رايوندا تىجارەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ياقۇپ بەگ بىلەن ھەمكارلىشىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتتى.

1874 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە شەرقىي تۈركىستاندا تۇرغان ئەنگلىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاخىرى بۇ رايوندىن ئايرىلىپ، كالكۇتاغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ھىندىستانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ھىندىستان باش ۋالىيسى نورسبرۇك قەشقەردە ئىمزالانغان كېلىشىمنى تەستىقلىدى ۋە روبېرت شاۋنى قەشقەر ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلەپ، كېلىشىمنىڭ بىر نۇسخىسى بىلەن بىللە قەشقەرگە قايتا يولغا سالدى. نورسبرۇك ئۆزى قەشقەرگە ئەلچى قىلىپ تەيىنلىگەن روبېرت شاۋغا يازغان مەكتۇپىدا، تۆۋەندىكى خۇسۇسلارغا ئالاھىدە تەكىتلىگەندى:

«سىلەرنىڭ قەشقەردىكى ۋەزىپەڭلار خانلىق بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ھەمدە سودىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن زۆرۈر قەدەملەرنى بېسىش؛ شۇنداقلا، جانابىي ئالىيال پادىشاھنىڭ نامىدا سودا ھوقۇقلىرىمىزغا ئىگە بولۇش ۋە كېلىشىمنى ئىجرا قىلىشىشقا تىرىشىشتۇر. خان بىلەن سىياسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن، ئۇنىڭغا قارىتا سىياسىي مەۋقە بىلدۈرۈشتىن ساقلىنىڭلار. لېكىن، سىلەرگە ئېھتىياجى چۈشسە ۋە سىلەرنىڭ كۆز قارىشىڭلار سورالسا، سورالغان خۇسۇسقا كۆرە، بىلىم ۋە تەجرىبەڭلارنى ئورتاقلىشىڭلار» (20).

روبېرت شاۋ قەشقەردە ۋەزىپە ئۆتىگەن مۇددەتتە تولىمۇ قىزغىن مۇئامىلىگە نائىل بولدى ۋە يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى ئورنىتىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ياقۇپ بەگ ئەنگلىيە بىلەن ئىمزالاشقان كېلىشىملەر ئارقىلىق ئۆزىنى سىياسىي جەھەتتە ئەنگلىيە ئېتىراپ قىلغۇزدى ۋە شۇ رەۋىشتە ئۆز دۆلىتىنى چارروسىيەگە قارشى «قالقان»غا ئىگە قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنگلىيە بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئۆز قوشۇنى ئۈچۈن قورال ـ ياراغ مەنبەسىمۇ تاپتى. لېكىن، ئەنگلىيەدىن ئېلىنغان بۇ ياردەم چارروسىيە ۋە چىڭ سۇلالىسى بىلەن تىركىشىشكە يەتكۈدەك سەۋىيەدە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئەنگلىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى كۆز قارىشى ياقۇپ بەگنى بىئارام قىلغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر، ئۇ روبېرت شاۋنىڭمۇ

شەرقىي تۈركىستاندا قېلىشنى خالىماس ھالغا كەلگەندى. ئۇ نوقۇل ھالدا رۇسىيەنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان بېسىمنى ئازايتىش ئۈچۈنلا، ئەنگلىيە بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقاندى. ياقۇپ بەگ يەنە «ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي تۇرۇپ، روبېرت شاۋنى قەشقەردە ئۇزۇن مۇددەت تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ، ئەكسىچە بولغاندا بۇ بىر تالاي باش ئاغرىقىغا سەۋەب بولىدۇ» دەپ قارايتتى. ئەنە شۇ ئامىل، روبېرت شاۋنىڭ قەشقەردىن ئايرىلىشىغا سەۋەب بولغانىدى.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئەنگلىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان قىزىقىشى پەسەيگەن بولسىمۇ، ئۇلار قەشقەر ھاكىمىيىتىنىڭ چاررۇسىيەگە بېقىنىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. 1876 ـ يىلى، باش ۋالىي نورسبرۇكنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان لورد لىيتوننىڭ (Lord Lytton) قەشقەر خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش خىيالى بار ئىدى. 1876 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى بىلەن چاررۇسىيەنىڭ ئۇرۇشنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قېلىشى، شەرقىي تۈركىستاندا بېسىلغۇسى قەدەملەرنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ زورايتىۋەتتى. 1877 ~ 1878 ـ يىللىرى ئارىسىدىكى ئوسمانلى ـ چاررۇسىيە ئۇرۇشى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەلەر ئەنگلىيەنىڭ قەشقەر ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال ھالەتنى ساقلىشىغا سەۋەب بولدى. ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈمىگە قەدەر، سودا جەھەتتە داۋاملاشقان ئۇشبۇ مۇناسىۋەتلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەزكۇر رايوننى ئىشغال قىلىشى، ھەتتا ئىشغال قىلىش جەريانىدا ئەنگلىيە بانكىلىرىدىن ماددىي ياردەمگە ئېرىشىشى نەتىجىسىدە ئاياغلاشتى.

سەرخات دوئاننىڭ «ياقۇپ بەگ» ناملىق ئەسىرىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى

* نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا قاراڭ



مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

# يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭ

مۇھەممەد ئارىفى

# يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭ

پروفسور، دوكتور مۇھەممەد ئارىفى

ئىنسانلار بىلەن بىرەر ئىش قىلغىنىڭىزدا، ئۇلار ھەمىشە سىزگە سىزنىڭ ئۈمىد قىلغىنىڭىز بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز مەيلى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. سىز تەبەسسۇم قىلغان كىشىلەر سىزگە كۈلۈپ باقمايدۇ. ھەتتا، بەزىلىرى بۇنىڭغا كايىپ، يامان گۇمانغا چۈشىدۇ ۋە «نېمىگە كۈلۈۋاتىسەن؟» دەپ سوراشتىنمۇ ئەيمەنمەيدۇ.

سىز سوۋغات بەرگەنلەر سىزگە سوۋغات بەرمەي قويىدۇ. ئاللىكىملەر سىزگە سوۋغات بېرىدۇ-يۇ، ئۇ يەر-بۇ يەرلەردە غەيۋىتىڭىزنى قىلىپ، «ئىسسىت ئاشۇ ھاقامەتكە خەجلىگەن پۇلۇم» دەپمۇ قويىدۇ.

سىز سۆزىدىن تەسىرلەنگەن، يۇقىرى باھا بەرگەن ۋە سىپايە مۇئامىلە قىلغان كىشىلەر سىزگە ئەينى مۇئامىلىنى قىلمايدۇ. ئاللاھ رىزىقنى تەقسىم قىلغاندەك، خۇي-مىجەزلەرنىمۇ تەقسىم قىلغان. يۇقىرىقىدەك ئەھاللارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى رەببانى مېتود قۇرئاننىڭ مۇنۇ ئايىتىدە بايان قىلىنغان: «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.» [فۇسسىلەت سۈرىسى، 34-ئايەت]

بەزى كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭىزمۇ تۈزەلمەيدۇ. بۇنداقلارغا يا سەبىر قىلىسىز، يا ئۇنى تەرك ئېتىسىز.

مۇنداق بىر ھېكايە بار.

ئەشئاب ئىسىملىك بىر كىشى تىجارەتچىلەردىن بىرى بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ. مەزكۇر تىجارەتچى يول بويى يۈك-تاقلارنى چۈشۈرۈش، ئۇلاغلارنى سۇغۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يالغۇز قىلىپتۇ ۋە ئاخىرى ھېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ، كەيپى ئۇچۇپتۇ. ئۇ ئىككىسى قايتىش سەپىرىدە، تاماق يېيىش ئۈچۈن مەلۇم بىر جايدا توختاپ، تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈپتۇ. ئەشئاب دەرھال يەردە سۇنايلىنىپ يېتىۋاپتۇ. تىجارەتچى يۈك-تاقلارنى چۈشۈرۈپتۇ ۋە ئەشئابقا: «قوپۇپ ئوتۇن تېرىپ كەلگىن، مەن گۆش توغراي»

دەپتۇ. ئەشئاب: «مەن ئۆلاغ بىلەن ئۆزۈن سەپەر قىلىپ چارچاپ كەتتىم» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. تىجارەتچى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوتتۇپ يىغىپ كەپتۇ. ئاندىن: «ئەشئاب! قوپۇپ ئوتتۇنلارغا ئوت ياقسىن!» دەپتۇ. ئەشئاب: «ئوتنىڭ يېنىغا كەلسەم، تۈتۈنى مېنى بىئارام قىلىدۇ» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، تىجارەتچى ئوتىنىمۇ ئۆزى يېقىپتۇ. ئاندىن: «ئەشئاب! ماڭا ياردەملىشىپ گۆش توغرىشىپ بەرگىن» دەپتۇ. ئەشئاب: «پىچاقنىڭ قولۇمنى كېسىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دەپتۇ. تىجارەتنى گۆشنىمۇ ئۆزى يالغۇز توغراپتۇ ۋە: «ئەشئاب! قوپۇپ گۆشنى قازانغا سېلىپ پىشۇرغىن!» دەپتۇ. ئەشئاب: «پىشمىغان تاماقنا قاراپ تۇرۇۋەرسەم بەك بىئارام بولۇپ كېتىمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، تىجارەتچى قازاننىڭ تېگىدىكى ئوتنى پۈۋلەپ يۈرۈپ، تاماقنى مىك تەسلىكتە پىشۇرۇپتۇ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنلىكتىن، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ يېتىپتۇ. ئاندىن «ئەشئاب! داستىخان سېلىپ، تاماقنى چىنىلەرگە ئۇسقىن!» دەپتۇ. ئەشئاب: «بەدىنىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، داستىخان سالالمايمەن» دەپتۇ.

تىجارەتچى ئورنىدىن تۇرۇپ، تاماقنى چىنىلەرگە ئۇسۇپ، داستىخانغا قويۇپتۇ ۋە: «ئەشئاب! قوپە، بىللە تاماق يەيلى!» دەپتۇ. ئەشئاب: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ساڭا ئۆزۈر ئېيتىۋېرىپ خىجىل بولۇپ قالدىم. ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلىمىسام بولماس» دەپتۇ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ تاماقنى يەپتۇ.

ئەشئابتەك ئىنسانلارغا يولۇقۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بىئارام بولماڭ! تاغ كەبى مەزمۇت تۇرۇڭ!

باش تەربىيەچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا ھېسسىياتى بىلەن ئەمەس، ئەقلى بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. يەنى ئۇ باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىغا سەبىر قىلاتتى ۋە ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى.

بۇ ھەقتە مۇنۇ ۋەقەلىك بار. رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر مۇبارەك مەجلىستە ئولتۇراتتى. بىر ئەئرابىي (سەھرالىق ئەرەب) كېلىپ، ئۆلتۈرۈلگەن بىر ئادەم ئۈچۈن تۆلىنىدىغان دىيەت (تۆلەم) توغرىسىدا ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدى. بۇ بەدەۋى ياكى باشقا بىرەيلەن مەلۇم بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى. بۇ ئەئرابىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋەلىيلىرىگە تۆلىنىدىغان تۆلەم جەھەتتە ياردەم سوراپ كەلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا پۇل بەردى ۋە: «ساڭا ياخشىلىق قىلدىممۇ؟» دېدى. ئەئرابىي: «ياق، سەن (ماڭا) ھېچ ياخشىلىق قىلمىدىڭ» دېدى. بەزى ساھابىلەر بۇنىڭدىن غەزەپلەندى ۋە (رەسۇلۇللاھقا بىئەدەبلىك قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنى ئەدەبلەپ قويۇش مەقسىتىدە) ئەئرابىغا دېۋەيلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئۇلارغا ئىشارەت ئارقىلىق ھاي بېرىپ توختىتىۋالدى. ئاندىن تۇرۇپ ئۆيىگە ماڭدى، ھېلىقى ئەئرابىينىمۇ ئۆيىگە چاقىردى. ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا: «سەن بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ، بىر نەرسە سورىدىڭ. بىز ساڭا سورىغىنىڭنى بەردۇق، ئەمما سەن بايىقىدەك گەپ قىلدىڭ» دېدى، ئاندىن ئۆيىدە بار بەزى نەرسىلەرنىمۇ ئەئرابىغا بەردى. ئەئرابىي: «ئاللاھ ئائىلەڭ ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ ئارقىلىق ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلغاي» دېدى.

ئۇنىڭ بۇ رازىمەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىمۇ مەمنۇن قىلدى، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ بۇ كىشىدىن نەپرەتلىنىپ قالغان بولۇشىدىن ئەنسىرىدى. چۈنكى، ساھابىلەردىن بىرەرسى (پەيغەمبەرگە بولغان پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتى سەۋەبلىك) بۇ ئەئرابىغا قارىتا نەپرەت ـ ئۆچمەنلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ھالەتتە يولدا ياكى بازاردا، ئۇنى كۆرۈپ قېلىشى (ئاندىن ئۇنىڭغا ئازار بېرىپ قويۇشى) مۇمكىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى (بۇ ئەئرابىغا بولغان) سەلبىي تۇيغۇلارنى يوقىتىشنى ئويلاپ، ئەئرابىغا: «سەن (بىر نەرسە سوراپ) يېنىمىزغا كەلدىڭ، بىز ساڭا بەردۇق. ئاندىن سەن ئاشۇنداق گەپنى قىلدىڭ. ساھابىلىرىمنىڭ بۇ خۇسۇستا ساڭا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئاچچىقى بار. سەن ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنىڭ بېسىلىشى ئۈچۈن، ماڭا دېگەنلىرىڭنى ئۇلار بار يەردىمۇ دېگىن» دېدى.

ئاندىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ يېنىغا چىقتى: «قېرىندىشىڭلار يېنىمىزغا كەلدى ۋە بىزدىن (بىر نەرسىلەرنى) سورىدى. بىز ئۇنىڭغا (سورىغىنىنى) بەردۇق. ئۇ بايىقىدەك گەپلەرنى قىلدى. بىز ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، يەنە بىر ئاز بىر نەرسە بەردۇق. ئۇمۇ مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى» دېدى. ئاندىن ئەئرابىغا يۈزلىنىپ: «شۇنداقمۇ؟» دېۋىدى، ئەئرابى: «شۇنداق، ئاللاھ ئائىلەڭ ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭ ئارقىلىق ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلغاي» دېدى.

ئەئرابى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېنىغا قايتىشقا تەرەددۇت قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىش جەھەتتە ساۋاق بېرىشنى ئويلاپ، شۇنداق دېدى:

«مەن بىلەن بۇ ئەئرابىنىڭ مىسالى تۆگىسى قاچقان كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. كىشىلەر قاچقان تۆگىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشىدۇ. تۆگىمۇ ئۈركۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلاردىن قاچىدۇ. (كىشىلەر تۆگىنى توختىماي قوغلاش ئارقىلىق) تۆگىنى تېخىمۇ بەك ئۈركۈتۈۋېتىشتىن باشقا ئىش قىلالمايدۇ. ئاقىۋەتتە، تۆگىنىڭ ئىگىسى: <تۆگەمنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار! مەن ئۇنىڭغا (سىلەردىن) يۇمشاق مۇئامىلە قىلىمەن ۋە ئۇنىڭ خۇيىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىمەن> دەپ نىدا قىلىدۇ. ئاندىن تۆگىنىڭ ئىگىسى يەردىكى (ئوت ـ چۆپ ۋەھاكازا دېگەندەك) نەرسىلەردىن بىر ئاز ئېلىپ، تۆگىنى چاقىرىدۇ. تۆگە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قايتىپ كېلىدۇ. ئىگىسى تۆگىنى ئېگەرلەپ، ئۈستىگە مىنىدۇ. ئەگەر بايىقى كىشى ھېلىقى گەپلەرنى قىلغان (ۋە سىلەر ئۇنى ئەدەبلەپ قويماقچى بولغان)دا سىلەرگە رۇخسەت بەرگەن بولسام، ئۇ دوزاخقا كىرەتتى. يەنى سىلەر ئۇنى قوغلىۋەتكەن بولساڭلار، بەلكىم (سىلەردىن نەپرەتلىنىپ، ئاندىن ئىسلامدىن نەپرەتلىنىپ) دىنىدىن چىقىپ كېتەتتى ۋە (ئاقىۋەتتە) دوزاخقا كىرەتتى.» [ئىمام بەززار توپلىغان]

مەلۇم جەھەتتىكى مۇلايىملىق كىشىنى گۈزەللەشتۈرسە، شۇ جەھەتتىكى جېدەلخورلۇق كىشىنى قۇسۇرلۇق قىلىپ قويىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن: «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن

ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.» [فۇسسىلەت سۈرىسى 34 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھ قىلغاندىن كېيىن، كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا باشلىغاندا، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتقان فەدالە ئىبنى ئۇمەير ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىشقا باشلىدى. فەدالەنىڭ غەرىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەپلەتتە قالغان پۇرسەتتە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئىدى. فەدالە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يېقىن كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنى بايقاپ قېلىپ: «فەدالەمۇسەن؟» دېدى. ئۇ: «شۇنداق، مەن فەدالە، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندىڭ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «ھېچنەرسىنى (ئويلىمىدىم)، ئاللاھنى زىكىر قىلىۋاتقاندىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ قويۇپ، «ئاللاھتىن مەغفىرەت تىلە» دېدى.

فەدالە شۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى مەيدەمگە قويۇۋىدى، قەلبىم ھۇزۇرغا تولدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى مەيدەمدىن ئاجرىتار ـ ئاجراتماستىن، ئۇ ماڭا ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى بولۇپ قالدى».

ئاندىن فەدالە ئۆيىگە قايتتى ۋە يولدا ئىلگىرى ئۆلپەتلىشىدىغان بىر ئايالغا ئۇچراپ قالدى. ھېلىقى ئايال ئۇنى كۆرۈپ: «كەل، بىردەم پاراڭلىشايلى» دېۋىدى، فەدالە: ئايالنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

ئايال <كەل، پاراڭلىشايلى> دېدى،

مەنمۇ <ئاللاھ ۋە ئىسلام يېنىڭغا بېرىشىمنى چەكلەيدۇ> دېدىم،

مۇھەممەدنى ۋە قەبىلىسىنى فەتھتە، بۇتلار چېقىلغان كۈندە كۆرمىگەن بولسام،

بۇنداق قىلماس ئىدىم.

مەن ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئوپئوچۇق ئىكەنلىكىنى،

مۇشرىكلىقنىڭ يۈزىنى زۇلمەت قاپلىغانلىقىنى كۆردۈم.

فەدالە شۇ ۋەقەدىن كېيىن، ياخشى مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ كەتتى. [ئىبنى ھىشام «پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى»؛ ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىييە «زادۇل مەئاد»]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەڭچىلىك قىلىش ۋە ئەپۇ قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۇتاتتى.

ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش (بۇ ئارقىلىق ھەققە مايىل قىلىش) ئۈچۈن، ئەزىيەت ۋە مۇشەققەتلەرگە چىدايتتى.

تاغىسى ئەبۇ تالىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرەيشنىڭ ئەزىيەت ۋە زۇلۇملىرىدىن قوغدىغانىدى. ئەبۇ تالىپ ئۆلگەندىن كېيىن، قۇرەيش مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىر زۇلۇملارنى سالدى، ئەبۇ تالىپ ھايات ۋاقتىدا بەرمىگەن ئەزىيەتلەرنى بەردى. نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاناھلىنىدىغان، ئۆزىنى قوللاپ، ياردەم بېرىدىغان باشقا بىر جاي ئىزدەشكە باشلىدى.

ئۇ سەقىف قەبىلىسىدىن ياردەم سوراپ، تائىفقا (تائىف ــــ مەككىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 80 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر يۇرتنىڭ نامى) باردى. تائىفتا سەقىف قەبىلىسىنىڭ كاتتىسى ھېسابلانغان ئۈچ كىشى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار ئابدۇليەلىل ئىبنى ئەمىر، مەسئۇد ۋە ھەبىب ئىسىملىك ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنى ئاللاھقا دەۋەت قىلدى. ئۇلاردىن ئىسلامغا ياردەم بېرىشنى ۋە قەۋمىگە (يەنى قۇرەيشكە) قارشى ئۆزى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشنى سورىدى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇ تەلەپكە تولىمۇ قەبىھ سۆزلەر بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

ئۇلاردىن بىرى: «ئەگەر ئاللاھ سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن بولسا، كەبىنىڭ يوپۇقىنى يىرتىپ تاشلىۋەتكەن بولاي!» دېدى. يەنە بىرى: «ئاللاھ سەندىن باشقا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتكىدەك ئادەم تاپالماي قاپتۇمۇ؟» دېدى.

ئۈچىنچىسى بولسا، بىلەرمەنلىك قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق رەددىيە بېرىش خۇسۇسىدا كالىلا قاتۇردى، ئاقىۋەتتە دەسلەپكى ئىككىسىدىن تېخىمۇ «ئەدەبىي» ئۇسلۇبتا سۆزلەشكە ئۇرۇنۇپ: «سېنىڭ بىلەن زىنھار پاراڭلاشمايمەن. چۈنكى، ئەگەر سەن دەۋا قىلغىنىڭدەك ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بولساڭ، ماقامىڭ تولىمۇ ئۈستۈن بولغىنى ئۈچۈن، ساڭا جاۋاب بېرەلمەيمەن. ئەگەر ئاللاھ توغرىسىدا يالغان سۆزلەۋاتقان بولساڭ، سەن بىلەن پاراڭلىشىش ماڭا لايىق ئەمەس» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەقىف قەبىلىسىدىن ياخشىلىق كېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ھالدا، قايتىش ئۈچۈن تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تەقدىردە، زۇلۇم ـ ستەمدە تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىشىنى كۆزدە تۇتۇپ: «قىلغۇلۇقنى قىلدىڭلار، ھېچبولمىسا كۆرۈشكىنىمىزنى مەخپىي تۇتۇڭلار» دېدى.

ئەمما، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك قىلماستىن، ئەكسىچە ئارىسىدىكى تېجىمەللەرنى ۋە قۇللارنى كۈشكۈرتۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغۇزدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللاپ، ئالىتاغىل ۋارقىرىپ ـ جارقىراشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلدام قەدەملەر بىلەن ماڭغان ئىدى، ئۇلار ئىككى سەپ بولۇپ يول ئۈستىدە تۇرۇۋېلىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاش ئېتىپ پۇتلىرىنى يارىلاندۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېتىلغان تاشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن تېخىمۇ تېز مېڭىشقا ئۇرۇندى. پۇتلىرىدىن قان ئېقىۋاتاتتى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىرىق نەچچە ياشلاردا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختىماي مېڭىپ، ئاخىرى

ئۇلاردىن يىراقلاشتى. ئارام ئېلىش ئۈچۈن بىر خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالى قۇرەيشنىڭ (بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن) ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىدا ۋە مەككىگە قانداق كىرىشتە قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاسمانغا قاراپ شۇنداق دېدى:

«ئى ئالالاھ! كۈچۈمنىڭ ئاجىزلىقىدىن، تەدبىرىمنىڭ ئازلىقىدىن ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنماسلىقىمدىن ساڭا شىكايەت قىلىمەن. ئى ئەڭ مەرھەمەتلىك زات! سەن بوزەك قىلىنغۇچىلارنىڭ ۋە مېنىڭ رەببىمسەن! مېنى كىمگە ھاۋالە قىلىسەن؟ ماڭا چىراي ئاچمىغانلارغىمۇ؟ ياكى سەن مېنىڭ ئىشىمنى قولىغا تۇتقۇزغان دۈشمەنلەرگىمۇ؟ ئەگەر سەن ماڭا غەزەپلەنمىگەن بولساڭ، مەن (بولغان بۇ ئىشلارغا) پەرۋا قىلمايمەن. لېكىن، سەن ئاتا قىلغان ئامان ـ ئېسەنلىك مەن ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭدۇر. غەزىپىڭنىڭ ئۈستۈمگە چۈشۈشىدىن، ياكى غەزىپىڭگە لايىق بولۇپ قېلىشتىن، قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتىدىغان ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەت ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىدىغان يۈزۈڭنىڭ نۇرىغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ھەر ئىش سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈندۇر، بارچە كۈچ ـ قۇۋۋەت سەندىندۇر».

دەل شۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە بىر بۇلۇتنىڭ سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇلۇتنىڭ ئىچىدە جىبرىئىل پەرىشتە بار ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا: «ئى مۇھەممەد! ئالالاھ قەۋمىڭنىڭ ساڭا ئېيتقانلىرىنى ۋە رەددىيەلىرىنى ئاڭلاپ، تاغلارغا مۇئەككەل پەرىشتىنى ئەۋەتتى، ئۇلارغا خالىغىنىڭنى قىلدۇرساڭ بولىدۇ» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەپ قىلماستىنلا، تاغقا مۇئەككەل پەرىشتە ئۇنىڭغا شۇنداق نىدا قىلدى:

«سالام ساڭا، ئى رەسۇلۇللاھ! ئالالاھ قەۋمىڭنىڭ ساڭا ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىدى. مەن تاغلارغا مۇئەككەل پەرىشتىمەن. رەببىڭ، سېنىڭ خالىغىنىڭغا بۇيرۇشۇڭ ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنكاس قايتۇرماستىنلا، تاغقا مۇئەككەل پەرىشتە شۇنداق دېدى: «خالىساڭ، ئىككى ئاخشابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمۈرۈۋېتەي» دېدى.

«ئىككى ئاخشاب» مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلار ئىدى. تاغقا مۇئەككەل پەرىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇردى.

ۋەھالەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىنىڭ نەپسى تارتىدىغان نەرسىلەرنى ۋە ئىنتىقام ئېلىش تۇيغۇسىنى بىر چەتكە چۆرۈۋېتىپ شۇنداق دېدى:

«ياق! مەن ئالالاھنىڭ ئۇلارنىڭ پۇشتىدىن ئالالاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەرنى چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» [بۇ ھەدىسنىڭ بېشىدىن تاغقا مۇئەككەل پەرىشتىنىڭ ئەۋەتىلگەن بۆلىكىگىچە ئىبنى ھىشامنىڭ «پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى»دا رىۋايەت قىلىنغان؛ شۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلەكلەرنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

قەھرىمان بولغىن!

مەن بىلەن دادامنىڭ ۋە تاغامنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا زور پەرق بار!

ئۇلار مېنىڭ گۆشۈمنى يېسە، مەن (ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېمەيمەن، ھالبۇكى) ئۇلارنى تېخىمۇ ئەتلەندۈرىمەن.

ئۇلار مېنىڭ ئابرويۇمنى تۆكسە، مەن ئۇلارنىڭ ئابروي تېپىشى ئۈچۈن كۆچ چىقىرىمەن.

ئۇلار ماڭا مەن ئېھتىياجلىق چاغدا ياردەم قىلمايدۇ. لېكىن، ئۇلار مېنى ياردەمگە چاقىرسا، مەن ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يۈگۈرىمەن.

مەن ئۇلارغا غۇم ساقلىمايمەن،

چۈنكى غۇم ساقلىۋالغۇچىلار قەۋمگە باش بولالمايدۇ.

پروفسور دوكتور مۇھەممەد ئارىفنىڭ «ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ» ناملىق ئەسىرىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2022 -يىلى 1 – ئاينىڭ 25 – كۈنىدىن 2 – ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەر

**(2022 ـ يىلى 25 ـ يانۋاردىن، 2022 ـ يىلى 25 ـ فېۋرالغىچە)**

## خىتاي ئامېرىكانىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئىسرائىلىيەنىڭ ئەڭ چوڭ ئىمپورت مەنبەسگە ئايلاندى

«ئوتتۇرا شەرق كۆزەتكۈچىسى» تورىنىڭ 25 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئىسرائىلىيە دۆلەتلىك ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ يېقىنقى سانلىق مەلۇماتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇلتۇر خىتايدىن قىلىنغان ئىمپورت قىرىق پىرسەنت ئېشىپ، ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليارد 700 مىليون دوللارغا يەتكەن. ئوخشاشلا مەزكۇر سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئىسرائىلىيەنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئەڭ چوڭ ئىمپورت مەنبەسى بولغان ئامېرىكادىن قىلىنغان ئومۇمىي ئىمپورتىنىڭ قىممىتى 8 مىليارد 200 مىليون دوللار بولغان بولۇپ، بۇ 2020 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئازراقلا ئاشقان.

مەزكۇر يېڭى سانلىق مەلۇمات ئىسرائىلىيەنىڭ تاشقى سىياسەت كۈنتەرتىپلىرىنى ئاشكارىلاش ۋە ئامېرىكا هۆكۈمىتىنى ئۆزىنىڭ بېيجىڭ بىلەن بولغان سودا مۇئامىلاتلىرىدىن ۋاقىپلاندۇرۇش بېسىمىغا دۇچ كەلگەن پەيتتە ئوتتۇرىغا چىققان. گەرچە ئامېرىكا بۇ ھەقتە ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، ئەمما پرېزىدېنت جوۋ بايدېن خىتاي بىلەن ئىسرائىلىيە ئارىسىدىكى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان مۇناسىۋەتكە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىسرائىلىيە ئىزچىل ھالدا خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە، ئۇلار بۇلتۇر ب د ت غا سۇنۇلغان، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئەيىبلىگەن بىرلەشمە باياناتقا ئىمزا قويمىغان.

## پۇتىن غەربنىڭ دىپلوماتىك بايقۇتىنى ئەيىبلىدى

«nypost» تورىنىڭ 25 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن شۇ كۈنى ئۆز دۆلىتىنىڭ مەزكۇر ئولىمپىككە قاتنىشىش ئالدىدا تۇرغان تەنھەرىكەتچىلىرىغا قىلغان ۋىدېيولۇق نۇتقىدا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۆتكۈزۈلگۈسى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلغانلىقىنى تەنقىدلىگەن ۋە «تەنتەربىيەنىڭ سىياسىيلاشتۇرۇلغان»لىقىدىن ئەپسۇسلانغانلىقى بىلدۈرگەن.

پۇتىن ئولىمپىككە ئوخشاش چوڭ تىپتىكى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنىڭ ئەسلىدە كىشىلەر ئارىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەز ئېيتقاندىن كېيىن، ئۆز تەنھەرىكەتچىلىرىنى مەزكۇر ئولىمپىكنىڭ بارلىق قائىدىلىرىگە، جۈملىدىن تىببىي بەلگىلىمىلەرگە قەتئىي بويسۇنۇشقا ئۈندىگەن.

## تەيۋەن بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىشى مۇمكىن

«تەيبېي ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 26 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەھۋالدىن خەۋەردار بىر ئەمەلدارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، تەيۋەن دائىرىلىرى 2 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىشلىق ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىشقا تەييارلانغان.

ئىسمىنى ئاشكارىلىماسلىق شەرتى بىلەن ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلىغان مەزكۇر ئەمەلدارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، كابىنېت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسى تەيۋەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنىڭ ئېچىلىش ۋە يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ تەيۋەن تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا مەسئۇل بولۇش بىلەنلا چەكلىنىدىغانلىقىنى بېكىتكەن.

ھالبۇكى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى نەزەردە تۇتقان دىپلوماتىك بايقۇتىغا ئوخشىمايدىغىنى، تەيۋەن بۇ قارارنى چىقىرىشتا ئاساسلىقى مەزكۇر ئولىمپىكقا دىپلوماتىك ۋەكىل ئەۋەتكەن تەقدىردە خىتاينىڭ ئۆزلىرىنى كەمسىتىشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشىدىن ئەنسىرىگەن. يەنى، تەيۋەن دائىرىلىرى تەيۋەن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئېچىلىش ياكى يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان تەقدىردە، خىتاينىڭ خوڭكوڭ بىلەن ئاۋمېننى ئاتىغانغا ئوخشاش، تەيۋەننىمۇ «خىتاينىڭ تەيبېيى» (Chinese Taipei) دەپ ئاتاش ئارقىلىق، ئۇنى ئۆزىنىڭ بىر ئۆلكىسىدەك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشىدىن ئەنسىرىگەن.

## ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ لىتۋانىيەگە قىلغان ناھەق مۇئامىلىسى سەۋەبلىك دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەرز سۇندى

«گېرمانىيە ئاۋازى» تورىنىڭ 27 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ياۋروپا ئىتتىپاقى شۇ كۈنى خىتاينىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولغان لىتۋانىيەگە قاراتقان قىلمىشلىرى توغرىسىدا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەرز سۇنغان. ئەمما، خىتاي ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئىشنى «ئاساسسىز ۋە زىددىيەتلىك» دەپ ئەيىبلىگەن.

بۇ ھەقتە، ياۋروپا بىرلەشمىسىنىڭ سودا كومىسسارى ۋالدىس دومبروۋسكىس «بىزنىڭ نەزىرىمىزدە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەرز سۇنۇش كىچىك ئىش ئەمەس. ئەمما، بىز مەسىلىنى (خىتاي بىلەن) ئىككى تەرەپ بىرلىكتە ھەل قىلىشقا كۆپ قېتىم ئۇرۇنغان بولساقمۇ، ئۇرۇنۇشلىرىمىز مەغلۇپ بولغانلىقتىن، بۇ جېدەلنى ھەل قىلىشنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەرز سۇنۇشتىن باشقا چارىسىنى تاپالمىدۇق» دېگەن.

لىتۋانىيەنىڭ تەيۋەننىڭ ئۆز زېمىنىدا ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىشىغا يول قويغانلىقىدىن ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قارىتا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» يۈرگۈزۈلۈۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن خۇيى تۇتقان خىتاي دائىرىلىرى لىتۋانىيەنى باش ئەگدۈرۈش مەقسىتىدە تۈرلۈك قاتتىق ۋاستىلەرنى قوللانغان بولۇپ، بۇ لىتۋانىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش ۋە لىتۋانىيەلىكلەرگە ۋىزا بېرىشنى توختىتىش؛ گېرمانىيەدىكى «Continental» گۇرۇھىغا ئوخشاش ئۆزلىرى بىلەن تىجارەت مۇناسىۋىتى بار ياۋروپا كارخانىلىرىنى تەمىنات زەنجىرىدىن لىتۋانىيەنى سىقىپ چىقىرىشقا مەجبۇرلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

## خىتاي قىشلىق ئولىمپىككە قاتنىشىدىغان دۆلەت ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى

«france24» تورىنىڭ 28-يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي شۇ كۈنى كېيىنكى ھەپتىدىكى قىشلىق ئولىمپىككە قاتنىشىدىغان، رۇسىيە، سەئۇدىي ئەرەبىستان ۋە مىسىرنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نوپۇزدارلارنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان.

ئېگىلىنىشىچە، 2-ئاينىڭ 4-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان دۆلەت رەھبەرلىرى: رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن، سەئۇدىي ئەرەبىستان ۋەلىئەھدى مۇھەممەد سالمان، مىسىر پرېزىدېنتى ئابدۇلفەتتاھ سىسى، قاتار ئەمىرى تەمىم ھاماد، ئەبۇزەبىنىڭ ۋەلىئەھدى مۇھەممەد، تايلاند مەلىكىسى سىرىنزورن، موناكو شاھزادىسى ئالبېرت، پولشا پرېزىدېنتى ئاندىرىزېژ دۇدا، سېربىيە پرېزىدېنتى ئالېكساندىر ۋۇچىچ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

شۇنداقلا، مەزكۇر ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ئارىسىدا دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلى تېدروس ئازانوم گېبرېيۇس ۋە ب د ت نىڭ باش كاتىپى ئانتونىيو گۇتېرىس بار ئىكەن.

## خىتاي ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى «تەكشۈرۈش مەقسىتى»دىن خالىي ھالدا زىيارەت قىلىشىغا يول قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 28-يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي ھۆكۈمىتى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باشېلېتنىڭ «بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىدىن كېيىن، يەنى بۇ يىلنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا» شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى، ئەمما بۇنىڭ «تەكشۈرۈش» مەقسىتىدىكى زىيارەت بولسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئىگىلىنىشىچە، خىتاي مىشېل باشېلېتنىڭ زىيارەت تەلىپىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ زىيارەتنىڭ «دوستانە» بولۇشى كېرەكلىكىنى، تەكشۈرۈشنى مەقسەت قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلغان. خىتاي يەنە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىياتى ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا تەييارلىغان دوكلاتىنى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىدىن بۇرۇن ئېلان قىلماسلىقىنىمۇ قاتتىق تەلەپ قىلغان.

ھالبۇكى، كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرى بۇنىڭ خىتاينىڭ ۋاقىت ئۇتۇش تاكتىكىسى ئىكەنلىكىنى، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى دوكلاتىنى دەرھال ئېلان قىلىشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشكەن.

## خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى «نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى»غا نامزات كۆرسىتىلدى

«nypost» تورىنىڭ 3-فېۋرالدىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى 4-فېۋرالدىكى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىگە ساھىبخانلىق قىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى بولغان ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىدىن توم سوزى ۋە كرىس سمىس نورۋېگىيەدىكى نوبېل مۇكاپاتى كومىتېتىغا بىرلىكتە مەكتۇپ يوللىغان. مەكتۇپتا ئۇلار «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى» ۋە «ئۇيغۇر ھەرىكىتى»دىن ئىبارەت ئىككى تەشكىلاتنى 2022-يىللىق «نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى»نىڭ كوللېكتىپ نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەن ھەمدە «بۇ ئىككى تەشكىلات يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندىكى دەپسەندىچىلىك ۋە زۇلۇمنى پاش قىلىشتا ئۆلگىلىك رول ئوينىدى» دەپ كۆرسەتكەن.

مەزكۇر مەكتۇپتا يەنە بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ نۆۋەتتە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىش ئارقىلىق دۇنيادا تىنچلىق ۋە دوستلۇق بەرپا قىلىشقا كۈچ چىقىرىۋاتقانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

## كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ب د ت نى خىتاي بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالاشتى، دەپ ئەيىبلىدى

«independent» تورىنىڭ 3-فېۋرالدىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىيىتى ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيان تەييارلاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار دوكلاتنى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىدىن ئىلگىرى ئېلان قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەييار بولۇپ قالغان دوكلاتنى بېيجىڭدىكى ئولىمپىكتىن ئاۋۋال ئېلان قىلىشقا ئالدىرىماسلىقى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە تەھلىلچىلىرى تەرىپىدىن خىتاي بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالاشقانلىق، خىتاينىڭ ئوبرازىنىڭ تېخىمۇ بەك خۇنۈكلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شاپاشلاش دەپ قارالغان.

ب د ت نىڭ سابىق كىشىلىك ھوقۇق ئەمەلدارى ئېما رېيىللى ب د ت بىلەن خىتاينىڭ ئەتەي مۇشۇنداق «ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق» ۋەزىيەت شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. ئېما رېيىللى ب د ت نىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، خىتايغا قارشى ئۆكتىچى ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ تىزىملىكىنى خىتايغا بەرگەنلىكىنى ئاشكارىلىغانلىقى سەۋەبلىك ئىشتىن بوشىتىلغانىدى.

## بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىنىڭ باشلىنىشى بىلەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە قارشى نامايىشلار ئۆتكۈزۈلدى

«فوربېس» تورىنىڭ 4-فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئىستانبۇلدا ئۇيغۇرلار، يېڭى دېھلىدا تىبەتلەر، توكيودىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ۋە شۋېتسارىيەدىكى «خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى»نىڭ ئالدىدا ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەر ئارىلاش ھالدا، خىتايدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكى»نى بايقۇت قىلىش تېمىسىدا بىر قاتار نامايىشلارنى ئۆتكۈزگەن.

شۇنداقلا، 3-فېۋرال كۈنى ئەنگلىيەنىڭ پايتەختى لوندوندىمۇ زور كۆلەملىك نامايىش ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، لوندوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا باشلانغان بۇ نامايىش پىكادىل مەيدانىغىچە داۋاملاشقان. نامايىشچىلار «بېيجىڭ ئولىمپىكى-ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئولىمپىكىدۇر»، «شەرقىي تۈركىستانغا ئەركىنلىك، تىبەتكە ئەركىنلىك، خوڭكوڭغا ئەركىنلىك!» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاشقان.

بۇنىڭدىن سىرت، «ctvnews» تورىنىڭ 5-فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، كانادانىڭ مونترېئال شەھىرىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر باختىن شەمسىدىن ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن نامايىش ئۆتكۈزۈپ، كانادا پۇقرالىرىنى نۆۋەتتە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىلىرىنى كۆرمەسلىككە چاقىرغان.

ئىگىلىنىشچە، خىتاي مەزكۇر ئولىمپىكنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىكى مەشئەل ياققۇچىلارنىڭ بىرىنى ئۇيغۇرلاردىن تاللىغان بولۇپ، مونترېئالدىكى نامايىش ئىشتىراكچىلىرىدىن دىلمۇرات مەخمۇت ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇنى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاش ئۇرۇنۇشى دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكى مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ساقچىلىرى ھەربىي مەشقنى كۈچەيتتى

«ۋاشىڭتون پوچتا گېزىتى» تورىنىڭ 5-فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىسىدا ئېلان قىلىنغان تەشۋىقات ۋىدېيوسىدا كۆرسىتىلىشىچە، بېيجىڭدا قىشلىق

ئولىمپىك باشلانغان مەزگىلدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ساقچىلىرى «قىشلىق ئولىمپىكنى ھىمايە قىلىش قىشلىق ھەربىي مەشقى» تېمىسىدا ئون ھەپتىلىك ھەربىي مەشقنى باشلىغان.

بۇ ۋىدىيودا مەزكۇر ھەربىي مەشقنىڭ «چاغان ۋە قىشلىق ئولىمپىك مەزگىلىدىكى مۇقىملىقنى ساقلاش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەپ، شى جىنپىڭ ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش خىزمىتىنى، پارتىيەۋىلىك تەربىيەسىنى، ساداقەتمەنلىك تەربىيەسىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش» ئىكەنلىكى كۆرستىلگەن.

مەزكۇر ھەربىي مەشق تەھلىلچىلەر تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەسلىدىنلا يەۋقۇلئاددە قاتتىق بولغان كونتروللۇقنىڭ قىشلىق ئولىمپىك مەزگىلىدە تېخىمۇ بەك چىڭىتىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، دەپ قارالماقتا.

## ب د ت نىڭ باش كاتىپى خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشقا يول قويۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 6 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىدە كۆرستىلىشىچە، ب د ت نىڭ باش كاتىپى ئانتونىيو گۇتېرىس خىتاي رەھبەرلىرىگە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنىڭ خىتايىنى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستاننى «ئىشەنچلىك زىيارەت» قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ب د ت نىڭ ئورگان خەۋىرىگە كۆرە، بېيجىڭ ئولىمپىكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن خىتايغا بارغان گۇتېرىس 5 ـ فېۋال خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ مەزكۇر زىيارەتكە رۇخسەت بېرىشىگە بولغان ئۈمىدىنى ئىزھار قىلغان.

خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇسى بولغان شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مەزكۇر ئۇچرىشىش توغرىسىدىكى خەۋىرىدە بولسا، سۆزى بولۇنغان زىيارەت تەلىپى تىلغا ئېلىنمىغان.

## قىشلىق ئولىمپىكتە مەشئەل كۆتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇر تەنھەرىكەتچى تاراتقۇلاردىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى

«dailymail» تورىنىڭ 6 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن قىشلىق ئولىمپىك مەشئىلىنى كۆتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان دىلنىگار ئىلھامجان ئۆزى قاتناشقان مۇسابىقە تۈرىدە 43 ـ بولغاندىن كېيىن، ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ بەلگىلىمىسىگە زىت ھالدا مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل

قىلماستىن، باشقا ئۈچ نەپەر ختاي تەنھەرىكەتچى بىلەن بىللە «ئاربالاشما رايون» ئارقىلىق غىپپىدە تىكىۋەتكەن.

تەھلىلچىلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ختاي دائىرىلىرى چەتئەل تاراتقۇلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇگۈنكى قىسمىتىگە ئالاقىدار سوئاللارنى سورايدىغانلىقىنى پەملىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە پايدىسىز ھالەت شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، «سۈنئىي ئوبراز ۋەكىلى» دىلنىگار ئىلھامجاننى چەتئەل تاراتقۇلىرىغا يېقىن يولاتمىغان.

## ختاينىڭ گۇپپاڭچىسى «يەھۇدىي قەتلىئامى مۇزېيى»نىڭ يوللانمىسىغا ئېتىراز بىلدۈردى

«فوكس خەۋەرلىرى» تورىنىڭ 9-فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكادىكى «يەھۇدىي قەتلىئامى مۇزېيى» ئۆزىنىڭ رەسمىي تۋىتېر ھېسابى ئارقىلىق «بىز ئولىمپىكتە مەشئەل يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ھەممىگە تونۇشلۇق ئەنئەنىگە شاھىت بولىمىز. 1936-يىلى ناتسىستلار بۇنى ئۆز تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتكەنىدى. بۈگۈن، بىز ئولىمپىكنى ھېلىھەم ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن زىيانكەشلىككە ئوخشاش جىنايەتلەرنى پەردازلاشقا ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىغا شاھىت بولماقتىمىز» دېگەن مەزمۇندا يازما يوللىغان.

ھالبۇكى، ئىزچىل ھالدا ختاي كومپارتىيەسىگە گۇپپاڭچىلىق قىلىش ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ ختايغا قاراتقان تەنقىدلىرىگە ئاكتىپ رەددىيە بېرىش بىلەن نامى چىققان، «ختاي كۈندىلىك گېزىتى» ياۋروپا بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى چېن ۋېيخۇا بۇ تۋىتېرغا يوللانمىسىدىن تولىمۇ غەزەپلىنىپ، تۆۋەندىكىدەك رەددىيە قايتۇرغان: «<يەھۇدىي قەتلىئامى> مۇزېيىدىن نومۇس قىلىۋاتىمەن! سىلەرچە <يەھۇدىي قەتلىئامى> بىلەن <كەسپىي تەربىيەلەش> ئوخشاش ئىشمۇ؟ ئەينى چاغدا ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق يەھۇدىي شاڭخەيدە پاناھلانغانىدى، ئەمدىلىكتە سىلەر ختاي خەلقىگە مۇشۇنداق مىننەتدارلىق بىلدۈرەمسىلەر؟».

## ئامېرىكا شىركەتلىرىگە قىلىنغان تور ھۇجۇمىنى ختاينىڭ قىلغانلىقىدىن گۇمان قىلىنماقتا

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 9-فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، «ۋال كوچىسى ژۇرنىلى»، «نيۇيورك پوچتىسى» قاتارلىق ئاپپاراتلارنىڭ ساھىبى بولغان، باش شتابى نيۇيوركتىكى «خەۋەر گۇرۇھى» (News Corp) ئۆز خىزمەتچىلىرىگە ئىچكى ئېلخەت يوللاپ، ئۆزلىرىنىڭ «مەلۇم دۆلەتنىڭ سىجىل داۋاملاشقان تور ھۇجۇملىرى»نىڭ نىشانىغا ئايلانغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

«خەۋەر گۇرۇھى»نىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى دېيۋىد كلېپېن ئېلخەتتە: «1-ئاينىڭ 20-كۈنى، بىز قارمىقىمىزدىكى بىر قانچە سودا ئورۇنلىرى ئىشلىتىۋاتقان سىستېمىغا تور ھۇجۇمى قىلىنغانلىقىنى بايقىدۇق» دېگەن.

«خەۋەر گۇرۇھى»نىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇ تور ھۇجۇمنى بايقىغان ھامان قانۇن ئىجرائات ئاپپاراتلىرىغا مەلۇم قىلغان ۋە تور بىخەتەرلىكى شىركىتى «Mandiant»نىڭ ياردىمىدە، بۇ ھۇجۇمغا قارىتا تەكشۈرۈشنى باشلىغان.

مەزكۇر تور ھۇجۇمى «خەۋەر گۇرۇھى»نىڭ باش شتابىدىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قارمىقىدىكى دوۋ جونېس شىركىتى، «ئەنگلىيە خەۋەرلىرى» شىركىتى ۋە «نيۇيورك پوچتىسى» شىركەتلىرىدىكى «چەكلىك ساندىكى ئېلخەت ساندۇقى ۋە ھۆججەتلەر»گە تەسىر قىلغان.

«Mandiant» شىركىتى بۇ ھۇجۇمنىڭ خىتايغا چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## خىتاي ئەنگلىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تەھدىت سېلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى جىمىقتۇرۇشقا ئۇرۇندى

«يەكشەنبىلىك تايمىس گېزىتى» تورىنىڭ 10 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، بىر پارچە تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي دائىرىلىرى ئەنگلىيەدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە قارشى گەپ قىلماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان.

مەزكۇر دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىپ، غەربتىكى دېموكراتىك ئەللەردە ياشاۋاتقان مىڭلىغان ئۇيغۇرلار ۋەتەندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمىسىز زۇلۇم ھەققىدە سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايدىكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، خىتايغا قارشى گەپ قىلغانلار خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، خىتاي بۇ جەرياندا كۆپىنچە شۇلارنىڭ ۋەتەندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئارقىلىق چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا بېسىم ئىشلىتىدىكەن.

ھالبۇكى، بۇنىڭ ئەنگلىيەدىلا ئەمەس، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان نۇرغۇن ئۇيغۇرلارغا ئورتاق ئەھۋال ئىكەنلىكى مەلۇم.

## ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ھۆكۈمەتنى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا چېتىشلىق شىركەتلەرگە جازا يۈرگۈزۈشكە مەجبۇرلىشى مۇمكىن

«nationalreview» تورىنىڭ 11 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ئالدىنقى ھەپتە «2022 ـ يىللىق ئامېرىكا رىقابەت قانۇنى»نى ئاۋازغا قويغان. ئاساسلىقى سانائەت ۋە سىياسەتكە مەركەزلەشكەن مەزكۇر قانۇن لايىھەسى دېموكرات پارتىيەسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، گەرچە ئۇنىڭ كۆپ قىسىم ماددىلىرى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ شىددەتلىك قارشىلىقىغا

ئۆچرىغان بولسىمۇ، ئەمما قىسمەن جايلىرى كۆتۈلمىگەن ھالدا ھەر ئىككى پارتىيەدىكىلەرنىڭ ئورتاق قوللىشىغا ئېرىشكەن ۋە تۈزىتىش لايىھەسىگە كىرگۈزۈلگەن.

بايدېن ھۆكۈمىتىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق تۆت شىركەتكە جازا يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا ماددا دەل شۇلاردىن بىرى بولۇپ، مەزكۇر تۆت شىركەت: (1) قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيە ئىشلەپچىقىرىدىغان «لوڭجى شىركىتى»؛ (2) مېتاللورگىيە دەرىجىلىك كرېمنىي ۋە قۇياش ئېنېرگىيەسى دەرىجىلىك كۆپ كرىستاللىق كرېمنىي ئىشلەپچىقىرىدىغان «شەرق ئۈمىدى» شىركىتى؛ (3) فوتوۋولتلۇق ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىدىغان «شىيىشىن يېڭى ئېنېرگىيە شىركىتى» ۋە (4) كۆپ كرىستاللىق كرېمنىي ئىشلەپچىقىرىدىغان «داچۇەن يېڭى ئېنېرگىيە شىركىتى» ئىكەن.

ئەگەر مەزكۇر قانۇننىڭ تەستىقلانغان ئاخىرقى نۇسخىسىدا مەزكۇر ماددا ساقلىنىپ قالالىسا، بۇ ھازىرغىچە ئامېرىكادا ۋۇجۇدقا چىققان، مۇشۇ جەھەتتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىجرائاتلاردىن بىرى بولۇپ قالىدىكەن.

## «ئامېرىكا دۆلەتلىك تارقىتىش شىركىتى» بېيجىڭ ئولىمپىكى مەزگىلىدىكى خىتايغا ئالاقىدار خەۋەرلىرى سەۋەبلىك تەنقىدكە ئۇچرىدى

«فوكس خەۋەرلىرى» تورىنىڭ 12-فېۋرالدىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، «ئامېرىكا دۆلەتلىك تارقىتىش شىركىتى»، يەنى NBC خىتايدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان قىشلىق ئولىمپىك جەريانىدىكى خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان مىسلىسىز زۇلۇم توغرىسىدا «كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى»، «كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش» ۋە «ئاتالمىش ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن سىياسەتچىلەر ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن تەنقىدلەنگەن.

ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى ماركو رۇبىيو بۇ ھەقتە: «بۇنىڭدىن كېيىن NBC نى <National Beijing Corporation>، يەنى <دۆلەتلىك بېيجىڭ شىركىتى> دەپ ئاتاش كېرەك» دېگەن.

خۇدسون ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى نۇرىي تۈركەل بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن: «بۇ خىل ئىبارىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ كۆرسىتىپ قويىدۇ. خىتاينىڭ جىنايىتىنى <ئىرقىي قىرغىنچىلىق> دەپ ئاتىماسلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر... تاراتقۇلاردىكى، ئاكادېمىك ساھەدىكى، ئاقىللار ئامبارلىرىدىكى كىشىلەر ئىشلەتكەن سۆز - ئىبارىلىرىگە دىققەت قىلىشى كېرەك... ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن چوقۇم <مەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىنكار قىلىمەن> دېيىش شەرت ئەمەس، بۇنىڭ خىلمۇخىل شەكىللىرى بار».

## ئامېرىكا ھەربىي ساھەگە ئالاقىدار نەچچە ئۇنلىغان خىتاي شىركەتلىرىگە جازا يۈرگۈزدى

«ۋاشىڭتون ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 15-فېۋرالدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى شۇ كۈنى خىتاينىڭ ئامېرىكا پۇل مۇئامىلە بازىرىدىن ئېرىشكەن نەق پۇلنى ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى زورايتىشقا سەرپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، خىتاينىڭ 59 ھەربىي شىركىتىگە قارىتا جازا تەدبىرى ئېلان قىلغان.

مەزكۇر تەدبىر ئامېرىكانىڭ بارلىق پۇل مۇئامىلە ۋە پايچېكى شىركەتلىرى ۋە يەككە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ تىزىملىكتىكى خىتاي شىركەتلىرىنى ياكى شۇلارنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىنى ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئاكسىيە سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى چەكلەيدۇ. مەزكۇر شىركەتلەر بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «ھەربىي ئاپپارات» دەپ بېكىتىلگەنىدى. بۇ تىزىملىك خۇاۋېي قاتارلىق خىتاينىڭ بىر قىسىم ئاساسلىق ئالەم قاتنىشى ۋە تېلېگراف شىركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ شىركەتلەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خىتاي ئىستىخبارات ئاپپاراتى بىلەن باغلىنىشى بار دەپ گۇمان قىلىنغان.

## خىتاي بىلەن پاكىستان ئۆز ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ بارغانسېرى كۈچەيگەنلىكىنى پەش قىلدى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 15-فېۋرالدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن پاكىستان باش مىنىستىرى ئىمران خان قىشلىق ئولىمپىك مەزگىلىدە بېيجىڭدا كۆرۈشكەن ۋە خىتاي بىلەن پاكىستان بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن.

شۇنداقلا، خىتاي بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا بىر قاتار يېڭى پۇل مۇئامىلە كېلىشىملىرى ئىمزالانغان بولۇپ، بۇ مەزكۇر رايوندىكى سىياسىي ئىتتىپاقداشلىق ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن ھەمدە جەنۇبىي ئاسىيادىكى قوشنا دۆلەتلەرگە، ئامېرىكاغا ھەمدە پاكىستاننىڭ ئىقتىسادىي كەلگۈسىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدىكەن.

ھالبۇكى، مەزكۇر ئاتالمىش يېقىنلىقنى خىتاينىڭ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرىنىڭ دىپلوماتىك بايقۇتىغا دۇچ كەلگەنلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن تەھلىلچىلەر بۇ قىتىملىق باشلىقلار ئۇچرىشىشىنى پاكىستاننىڭ بېيجىڭنى قوللايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىياسىي دراما دەپ قاراشتى.

## ئاۋستراليەلىك سابىق سىياسىيون ئاۋستراليە سىياسىي ساھەسىدە خىتايغا قارشى بىرلىكسەپ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى

«SkyNews» تورىنىڭ 17 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ھەپتە ئاۋستراليەدە خىتايغا ئالاقىدار سىياسىي مۇنازىرىلەر خېلى بەكلا ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، 16 ـ فېۋرال پارلامېنتتا ئۆتكۈزۈلگەن مۇنازىرىدە، ئاۋستراليە باش مىنىستىرى سكوت موررىسون ئۆكتىچى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان رىچارد مارلېسنى «مانجۇرىيەلىك نامزات» (يەنى دۈشمەن تەرەپتىن پايدىلىنىلىدىغان قورچاق) دېگەن ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان تەقدىردە، خىتايغا ياخشىچاق بولىدىغان سىياسەتلەرنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ھالبۇكى، ئاۋستراليە بىخەتەرلىك ـ ئىستىخبارات تەشكىلاتىنىڭ سابىق مەسئۇلى دېنىس رىچاردسون «SkyNews» تورىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئاۋستراليە باش مىنىستىرىنىڭ مەزكۇر قىلمىشىنىڭ ئاۋستراليەگە ئەمەس، بەلكى خىتايغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە نۆۋەتتە ئاۋستراليە سىياسىي ساھەسىدە خىتايغا قارشى كەيپىياتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئالدىنقى ھەپتە، خىتاينىڭ دېڭىز ئارمىيە پاراخوتى ئاۋستراليە خان جەمەتى ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ بىر ئايروپىلانىغا ھەربىي دەرىجىلىك لازېر قويۇپ بەرگەن ۋە ئاۋستراليە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى پېتىر داتون 20 ـ فېۋرال خىتاي ئۆزىنىڭ «تاجاۋۇزچى قىلمىشى» ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ، دېگەنىدى. تەھلىلچىلەر بۇنىمۇ ئاۋستراليە سىياسەتچىلىرىنىڭ خىتايغا قارشى ئورتاق نارازىلىقىنى قوزغايدىغان ۋە بىرلىكسەپ شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان ئامىللاردىن بىرى، دەپ قارىماقتا.

## ئىلگىرى ئولىمپىكتا مەشئەل كۆتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى قىسمىتى خەلقئارا تاراتقۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 19 ـ فېۋرالدىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشۇ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن قىشلىق ئولىمپىكتا ئۇيغۇر تەنھەرىكەتچى دىنىگار ئىلھامجاننى مەشئەل كۆتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرغانلىقى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى، يەنى 2008 ـ يىلى بېيجىڭ ئولىمپىكىدە مەشئەل كۆتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە شۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق قىسمىتى توغرىسىدىكى غۇلغۇلىغا سەۋەب بولغان.

بۇلارنىڭ ئىچىدە، 2008 ـ يىلىدىكى ئولىمپىكتا مەشئەل كۆتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۈرۈمچى شەھەر سايباغ رايونلۇق مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى ئادىل ئابدۇرېھىم 2018 ـ يىلى «دۆلەتنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇش» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ 14 يىللىق كېسىۋېتىلگەن.

شۇنداقلا، **2008** ـ يىلى مەشئەل كۆتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلاردىن بىرى داڭلىق ئوبزورچى، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارلىرىدىن بىرى بولغان يالقۇن روزىنىڭ ئوغلى كامالتۈرك بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇنىڭ دادىسى 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، تۈرمىدە ياتماقتا.

كامالتۈرك بۇ ھەقتە: «نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، قېلىپلىشىپ كەتكەن <خۇشال ـ خۇرام ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۇيغۇر> ئوبرازى ئېزىلگەن ھالدا ختاي دائىرىلىرىنىڭ <مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىناقلىقى> تەشۋىقاتىدىكى قورال بولۇپ كەلدى» دېدى.

## ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى «ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىسسارى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلسا بولىدۇ» دېدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 19 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى شۇ كۈنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلسا بولىدىغانلىقىنى، لېكىن ختاينىڭ «جىنايەتلەر توغرىسىدىكى پەرەز»لەرنى ئاساس قىلغان ھەرقانداق تەكشۈرۈشنى قارشى ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مىيۇنخېن بىخەتەرلىك يىغىنىدا باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى چەكلىمىسىز زىيارەت قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقى توغرۇلۇق سورالغاندا، ۋاڭ يى ۋىدىيو ئارقىلىق شۇنداق دېدى:«(ختاي) بارلىق بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى ۋە ئاساسسىز ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىدۇ».

ۋاڭ يى «ئاتالمىش سىستېمىلىق مەجبۇرىي ئەمگەك ياكى تەربىيەلەش لاگېرلىرىنىڭ پەقەت يالغانچىلىق ۋە توقۇلمىدىن ئىبارەت» ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا: «مەن سىلەرنىڭ ختاي ھۆكۈمىتىگە، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ۋە بىز ئېلان قىلغان ئۇچۇرلارغا ئىشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

## ئامېرىكانىڭ سابىق دۆلەت سېكرېتارى مايك پومپېيو يېقىندا تەيۋەننى زىيارەت قىلماقچى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 21 ـ فېۋرالدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكانىڭ سابىق دۆلەت سېكرېتارى مايك پومپېيو 3 ـ مارتتىن 5 ـ مارتقىچە تەيۋەننى زىيارەت قىلىدىكەن. شۇنداقلا، بۇ جەرياندا تەيۋەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋۇ جاۋشيې بىلەن كۆرۈشىدىكەن ۋە بىر ئاقىللار ئامبىرىدا سۆز قىلىدىكەن.

تەيۋەن دائىرىلىرى مەزكۇر زىيارەت توغرىسىدىكى باياناتىدا، پومپېيونىڭ بۇ زىيارىتىنى ئامېرىكادىكى ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ تەيۋەنگە بولغان كۈچلۈك قوللىشىنىڭ، شۇنداقلا ئامېرىكا ـ تەيۋەن مۇناسىۋىتىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى، دېگەن.

## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئىيسا ئىرلاندىيەنى خىتايغا قارشى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە ئۈندىدى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئىيسانىڭ «ئەگەر ئىرلاندىيە كىشىلىك ھوقۇقتا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلسە، چوقۇم ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەك» ماۋزۇلۇق ماقالىسى 21-فېۋرال «ئىرلاندىيە ۋاقىت گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان.

دولقۇن ئىيسا مەزكۇر ماقالىسىدە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاياللارنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش، بالىلارنى ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىش، مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىق تۈرلۈك ئىپادىلىرى، شۇنداقلا ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭمۇ خىتاينىڭ لاگېرلىرىدا جان ئۈزگەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە توختالغاندىن كېيىن، «ھېلىھەم خىتاي بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى مىليونلىغان كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئەزىز بىلىۋاتقان، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىگە كۆز يۇمۇۋاتقان» ھۆكۈمەتلەر بارلىقىنى، ئىرلاندىيە ھۆكۈمىتىنىڭمۇ «خىتاي بىلەن بولغان قوش ۋە كۆپ تەرەپلىك ئۈچرىشىشلاردا بۇ خۇسۇستىكى ئەندىشىمىزنى ئىپادىلەپ كەلدۇق» دېگەننى باھانە قىلىپ، خىتاينىڭ زۇلمىغا قارشى ئەمەلىي ھەرىكەت قوللانمىغانلىقىنى تەنقىد قىلغان ۋە ئىرلاندىيە ھۆكۈمىتىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە ئۈندىگەن.

## موڭغۇلىيەدىكى خىتايغا قارشى پائالىيەتچى قولغا ئېلىندى

«france24» تورىنىڭ 22-فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، موڭغۇلىيەدىكى خىتايغا قارشى پائالىيەتلىرى بىلەن داڭ چىقارغان كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى مۇنخبايار چۇلۇندورج «چەتئەل ئىستىخباراتىدىن يولىيورۇق ۋە مەبلەغ ئالغان» دېگەن سەۋەب بىلەن، موڭغۇلىيە ئىستىخبارات دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان.

مو.ڭغۇلىيە ئىستىخبارات دائىرىلىرى ئۇنى. قانۇنسىز پا.ئا.لىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان دېيىش بىلەنلا چەكلىنىپ، «ئۇ زادى قايسى دۆلەتنىڭ ئىستىخبارات تارماقلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان» دېگەنلەر ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرمىگەن.

ئىگىلىنىشىچە، مۇنخبايار خىتاينىڭ ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى موڭغۇللارغا قاراتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. شۇنداقلا، موڭغۇلىيەنىڭ خىتايغا يېقىنلىشىپ كەتكەنلىكىگىمۇ ئېتىراز بىلدۈرۈپ، «موڭغۇلىيە مۇشۇ تەرىقىدە خىتاي بىلەن يېقىنلاشسا، موڭغۇلىيە خەلقىنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ» دېگەن، ھەتتا خىتاي بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان موڭغۇلىيە باش مىنىستىرىنى ئىستېپا بېرىشكە چاقىرغان.

مەزكۇر تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ ئارقىسىدا خىتاينىڭ قولى بارلىقىدىن گۇمان قىلىنماقتا.

## كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنى شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى كېچىكتۈرۈلگەن دوكلاتنى ئېلان قىلىشقا چاقىردى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 22-فېۋرالدىكى خەۋىرىگە كۆرە، «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى»نىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى كېن روس ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېتنى 7-مارت ب د ت دا ئۆتكۈزۈلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كېڭىشىنىڭ يىغىنىدىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئېلان قىلىشقا چاقىردى. شۇنداقلا، ئۇ يەنە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىيىتى ئىشخانىسىنىڭ باياناتچىسىنىڭ بۇلتۇر 12-ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ئالاقىدار مەزكۇر دوكلاتنىڭ بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە ئېلان قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە كېچىكىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان.

مەزكۇر دوكلاتنىڭ تاكى خىتايدىكى قىشلىق ئولىمپىك تۈگىگىچە كېچىكتۈرۈلۈشىنىڭ ب د ت بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى يوشۇرۇن كېلىشىملەرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى توغرىسىدا كۈچلۈك پەرەزلەر مەۋجۇت.

## خىتاينىڭ ئاۋسترالىيەدىكى باش ئەلچىسى خىتاينىڭ ئاۋسترالىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى

ئاۋسترالىيەدىكى «news» تورىنىڭ 24-فېۋرالدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئالدىنقى ئايدا خىتاينىڭ ئاۋسترالىيەدىكى باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەن شياۋ چيەن ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاۋسترالىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن قەدەم ئېلىشنى خالايدىغانلىقىنى؛ شۇنداقلا، ئۆزىنىڭ يېڭىدىن باش ئەلچىلىككە تەيىنلەنگەنلىكىنىڭ خىتاينىڭ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ۋە قايتىدىن سۆھبەت باشلاش ئارزۇسىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئاۋسترالىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت 2020-يىلىنىڭ بېشىدا باشلانغان خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىدىن كېيىن ئىزچىل يامانلىشىپ ماڭغان بولۇپ، تېخى ئالدىنقى ھەپتە ئاۋسترالىيە باش مىنىستىرى سكوت موررىسون ئۆكتىچى پارتىيەدىكىلەرنى تەنقىدلەش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ «خىتاي ياقتۇرىدىغان كىشىلەر» ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خىتايغا قارشى قاتتىق پوزىتسىيەسىنى داۋاملاشتۇرغاندى.

## تەرەپ - تەرەپتىن ئېمبارگولارغا دۇچ كېلىۋاتقان رۇسىيەنىڭ ئىقتىسادتا بارغانسېرى خىتايغا تايىنىپ قالىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 25 ـ فېۋرالدىكى «خىتاي پۇتىننىڭ ئىقتىسادىي پاناھگاھى بولۇپ قالامدۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە، ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى سەۋەبلىك، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئېمبارگولىرىغا دۇچ كەلگەن رۇسىيەنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىلدە ئىقتىسادىي جەھەتتە خىتايغا تېخىمۇ بەك تايىنىپ قالىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن.

تېخىمۇ بەك دىققەتنى تارتىدىغىنى شۇكى، خىتايمۇ بۇ خىل يۈزلىنىشنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، پۇتىن ئۇكرائىناغا ئۇرۇش قوزغىغانلىقىنى جاكارلىغان كۈنى ئۆزلىرىنىڭ رۇسىيەنىڭ بۇغدىيىغا قاراتقان ئىمپورت چەكلىمىسىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىغان. خىتاينىڭ بۇ قىلمىشى تەھلىلچىلەر تەرىپىدىن، خەلقئارانىڭ رۇسىيەنى جاۋابكارلىقىقا تارتىش ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۇرۇنۇشى، شۇنداقلا رۇسىيەگە بولغان قوللاشنىڭ ئىپادىسى دەپ قارالغان.

يەنە كېلىپ، ئىقتىسادشۇناس ئالىشىيا گارسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇتەخەسسىسلەر غەربنىڭ نۆۋەتتىكى ئېمبارگو سالمىقىنىڭ تولىمۇ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى، شۇ ۋەجىدىن خىتاينىڭ رۇسىيەنى قوللىغانلىقى سەۋەبلىك ھېچقانچە بەدەل تۆلىمەيدىغانلىقىنى ۋە نەتىجىدە رۇسىيە بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ غەربنىڭ تىرىشچانلىقىنى سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



## رۇبېن برېكېلمانس

هوللاندىيە پارلامېنتىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقى قىرغىنچىلىقىنى تونۇشىدا هالقىلىق رول ئوينىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىغۇچىسى هۆرمەتلىك رۇبېن برېكېلمانس ئەپەندى

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئۇرۇش قورقۇنۇچلۇق، ئەمما ئۇنىڭدا ئەركىنلىك بار. مۇستەملىكە
ئاستىدا قېلىش ئۇرۇشتىنمۇ قورقۇنۇچلۇق، ئۇنىڭدا قۇللۇق بار.